# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

# 5

# پەنجىگاھ

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

## 5

# پەنجىگاھ

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئورۇنلار:
ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى
ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

中央民族大学图书馆

A
J642.211.5
T760

633912




16_ئەسردە ئۆتكەن ئون ئىككى مۇقام ئۇستازى ئامانىنساخاننىڭ ھەيكىلى

16 世纪木卡姆大师阿曼尼萨汗塑像

中央民族大学图书馆

中央民族大学图书馆




16 世纪木卡姆大师阿曼尼萨汗陵墓

16ـ ئەسىردە ئۆتكەن مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىگاھى



مۇقام پېشۋاسى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 1951-يىلى مۇقام ئورۇنداۋاتقان ۋاقتى

木卡姆大师吐尔迪阿洪于 1951 年演唱木卡姆

中央民族大学图书馆



مۇقام ئانسامبىل پايتەخت سەھنىسىدە

十二木卡姆在首都舞台上

中央民族大学图书馆

باش مۇھەررىر : تۆمۈر داۋامەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:

مەتىمىن يۈسۈپ

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن

تەھرىر ھەيئەتلەر:

تۆمۈر داۋامەت (ش ئۇ ئا ر ئۇن ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى)

مىجىت ناسىر (كاندىدات تەتقىقاتچى)

مەتىمىن يۈسۈپ (ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، تەتقىقاتچى)

ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى)

مۇھەممەت ئىسمايىل (ش ئۇ ئا ر مۇقام فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى)

ئابدۇرېھىم رەجەپ (پروفېسسور)

شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)

خەمىت تۆمۈر (پروفېسسور)

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ۋەن تۇڭشۇ (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

تيەن ليەنتاۋ (پروفېسسور)

قېيۇم تۇردى (1-دەرىجىلىك يازغۇچى)

ئوبۇل ئىسلام (ئالىي مۇھەررىر)

جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)

ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئون ئىككى مۇقام تېكست گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى:**

مۇھەممەت سەلەي ھاجى (تەتقىقاتچى)
خەمىت تۆمۈر (پروفېسسور)
ئىسرائىل يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)
ئابدۇقېيۇم غوجا (تەتقىقاتچى)
راخمان مامۇت (ئالىي مۇھەررىر)

**ئون ئىككى مۇقام تېكستلىرىنى رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى:**

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)
ئىمىن تۇرسۇن (تەتقىقاتچى)
مەمتىلى زۇنۇن (1-دەرىجىلىك دراماتورگ)
ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)
قاۋۇل ئاخۇن (ئاتاقلىق مۇقامچى)
ئەسقەر (دوتسېنت)، تۇرسۇن ھوشۇر (دوتسېنت)
ئۆمەر ئىمىن، مۇھەممەتتۇردى مىرزائەھمەد (تەھرىر)

**ئون ئىككى مۇقامنى قايتا نوتىغا ئالغۇچى:**

مەتروزى تۇرسۇن (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**يېڭىدىن تېپىلغان 53 ئاھاڭنى نوتىغا ئالغۇچى:**

ئابدۇكېرىم ئوسمان (لېكتور)

**ئون ئىككى مۇقام نوتا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى:**

ۋەن تۇڭشۇ (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
نۇرمەھەممەت (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
جۇ جى (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
غىياسىدىن بارات (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)



中央民族大学图书馆

ئابلىكىم ئابدۇللا (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)
سۇلايمان ئىمىن (پروفېسسور)، خەن باۋچياڭ (دوكتور)
ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)
قاۋۇل ئاخۇن (ئاتاقلىق مۇقامچى)

**مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار:**

ۋاڭ يىجى (ئالىي مۇھەررىر)
جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئىمىن ئەخمىدى
ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
جاۋ گودۇڭ (پروفېسسور)
ياڭ جىنشياڭ (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
قۇربان بارات (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)، مەمتىلى دانى

**مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى بېكىتكۈچىلەر:**

ۋاڭ يىجى (ئالىي مۇھەررىر)
جاڭ خۇڭچاۋ (كاندىدات تەتقىقاتچى)
ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
قۇربان بارات (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**كىرىش سۆز، تەرجىمىھال، ئىزاھاتلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى:**

ئەكبەر غۇلام (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**كىرىش سۆزنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغۇچىلار:** مېڭ چىڭشى (ئالىي مۇھەررىر)، شۈ يۈيۈ (تەتقىقاتچى)، لۇ شۇدۇڭ

**لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسىنى ئىشلىگۈچىلەر:**

مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەتبەھم سايىت (دوتسېنت)

**ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ يەشمىسى، لۇغىتى، ئىزاھاتى ۋە كلاسسىك شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ئىشلىگۈچى:**
مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

**ئون ئىككى مۇقام نوتىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:**
تيەن ليەنتاۋ (پروفېسسور)
جۇ جى (1-دەرىجىلىك كومپوزىتور)

**يېڭىدىن تېپىلغان 53 ئاھاڭنى تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەر:**
تيەن ليەنتاۋ (پروفېسسور)، سۇلايمان ئىمىن (پروفېسسور)

**ئون ئىككى مۇقام ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ جەدۋىلى ۋە نوتا ئىزاھاتلىرىنى ئىشلىگۈچىلەر:**
ئابلىز شاكىر (ئاتاقلىق مۇقامچى)
ئابدۇكېرىم ئوسمان (لېكتور)

**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى ۋە نەققاشلارنى ئىشلىگۈچى:**
تۇردى قادىر نازىرى

**خەتتات:** نىياز كېرەم، تۇردى قادىر نازىرى

**قىستۇرما رەسىمنى ئىشلىگۈچى:** غازى ئەمەت (پروفېسسور)
**فوتوگراف:** ئەركىن قادىر

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان قىممەتلىك مىراسلىرىمىزدىن «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزاد» ۋە «ئىشرەت ئەڭگىز»لەرنى ساقلاپ، بىزنى شۇ مىراسلىرىمىز بىلەن تەمىن ئەتكۈچىلەر: روزى ئاخۇن قالونچى، خالىق ھاجى، سەيپەر.



中央民族大学图书馆

# ئاساسلىق تەھرىر ۋە نەشرىيات خادىملىرى

باش تەھرىر: شۈي ۋېيچېڭ
مۇئاۋىن باش تەھرىر: ۋاڭ دىيۇ
مۇدىر تەھرىر: ياڭ گۇاڭخۇي، ئابدۇشۈكۈر ئابلىز
مەسئۇل تەھرىر: جىن بۇ، ئابدۇشۈكۈر ئابلىز
مۇزىكا تەھرىرى: ساۋ لەي
تەكلىپ قىلىنغان تەھرىرلەر: مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن
شەرىپىدىن ئۆمەر
ئابدۇقېيۇم خوجا
ئۇيغۇرچە تېكستلەر بىلەن لاتىنچە ترانسكرىپسىيىلىك تېكستلەر-گە تەكلىپ قىلىنغان مەسئۇل كوررېكتور:
مۇھەممەتتۇرسۇن باۋۇدۇن
خەنزۇ يېزىقىغا تەكلىپ قىلىنغان تەھرىر:
ئەكبەر غۇلام
مەسئۇل كوررېكتورلار: جىن بۇ، ئەكبەر غۇلام
شياۋ يىڭ
تەكلىپ قىلىنغان تېخرېداكتور: ئابلىز قاسىم
مەتبەئە مەسئۇلى: تۇڭ شىڭكەن، چيەن داچۇەن



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى — پارلاق جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، ئەمگەكچان-ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن بايان قىلىدىغان بەدىئىي قامۇستۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە گۈزەل مەنىۋىيىتى، ئىستەك-خاھىشلىرى، تارىخىي رېئاللىق ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدىن كېلىپ چىققان مۇھەببەت-نەپرەتلىرى ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ مۇزىكا، بەدىئىي ئەدەبىيات ۋە ئۇسۇل قاتارلىق خىلمۇخىل شەكىللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مۇزىكىلىق ئىپادە جەھەتتە لىرىكا بىلەن ئېپىكا، نەغمە بىلەن نەزمە گارمونىك ھالدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان. مۇنداق مۇزىكا ئەسىرى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ سەنئەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە ئەسەر بولغاچقا، ”شەرق مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۆجىزە“ دەپ تەرىپلەنمەكتە.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئارقا كۆرۈنۈشى كەڭ ۋە چوڭقۇر. مۇقاملار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلىرى بىلەن ھەمقەدەمدۇر. مۇقاملار كۆپلىگەن ماكان ۋە بىرقانچە زاماندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان بەستىكارلىرى، ناخشىچىلىرى ۋە چالغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان خەلق مۇزىكىسىدۇر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرگەن قەۋم-قەبىلىلەر كۆپ ۋە كەڭ دائىرىلىك بولغاچقا، مەدەنىيىتىمۇ، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ مەنبەلىك. چۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى خەلقئارا قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسى—يىپەك يولى"دەپ ئاتالغان لىنىيىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى زامانىدا "يىپەك يولى"دەپ ئاتالغان لىنىيىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى چۆرىدىگەن زېمىندا مەيدانغا كەلگەن. بۇ قەدىمكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىمۇ ئەنە شۇ زېمىندا شەكىللەنگەن. دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى بازىسىدا، باشقا خەلقلەردىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىجابىي تەسىر ۋە پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي مۇزىكا بايلىقىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلىردىن بېيىتقان.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن باشلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا خەلق ئىجدە ئىجاد قىلىنىپ، كەڭ تارقالغان يىر-كۈيلەر ۋە چالغۇلار فېئوداللىق جەمئىيەت دەۋرىدە تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بارا-بارا سىستېمىلاشقان. بۇ—ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ زامان ئامىللىرى. تەڭرىتاغ بويلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم ئېتنىك تەركىبلەردىن بولغان قەدىمكى ئاھالە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا دېھقانچىلىق ۋە شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. جۈملىدىن يەرلىك ۋە مىللىي پۇراقىا ئىگە بولغان ئاجايىب باي ۋە رەڭدار مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ كەڭ زېمىندا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن ھەرخىل مۇزىكا ژانىرلىرى ئۆزلىرى يارالغان زېمىنلەر-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭناملىرى بىلەن كۇچا مۇزىكىسى، قوچۇ-قومۇل مۇزىكىسى، قەشقەر-خوتەن مۇزىكىسى دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ماكان ئامىللىرى.

ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ مۇنتىزىم قىسمى بولغان مۇقاملارنىڭ شەكىللىنىشمۇ ئەنەشۇ زامان-ماكان ئامىللىرىغا باغلىق. مۇقاملارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان "چوڭ نەغمە"قەدىمكى چاغلاردا "بۈيۈك كۈي" (خەنزۇچە "داچۈي") دەپ ئاتالغانىدى. مىلادى IV ئەسىردە، "بۈيۈك كۈيلەر"دىن ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاۋۋال "قومۇل بۈيۈك كۈيى"، ئۇنىڭدىن كېيىن كۇچا، قوچۇ، قەشقەر، خوتەن كۈيلىرى تارقالغانىدى. «ۋېي نامە» ، «لىۋ گۇاڭ ھەققىدە» ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ «غەربىي دىيار» بۆلۈمى ۋە «سۈي نامە»نىڭ «مۇزىكا تەزكىراتى»دا قەيت قىلىنغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇقاملارنىڭ دەسلەپكى سۈي-سوتۇقلىرى— "بۈيۈك كۈيلەر"مىلادى VI ئەسىردىن خېلى ئىلگىرى مۇنتىزىم كۈيلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىپ بولغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ. VI ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئارىلىقتا بولسا، ھەر جاي ھەر ماكاندا خەلق ئىچىدە تارقالغان مۇقام كۈيلىرى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، بىر-بىرىگە سىڭىشكە باشلىغان. XII ئەسىردىن كېيىن "بۈيۈك كۈي"دېگەن نام بارا-بارا "مۇقام"دېگەن ئەرەبچە نام بىلەن ئالماشقان. مۇقام ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىدىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەن سىستېمىغا سېلىنغان بىر يۈرۈش—سىجىل مۇزىكىلار مۇجەسسەمىنى بىلدۈرىدىغان خاس نام بولۇپ قالدى. 14 -ئەسىردە "چىغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي



中央民族大学图书馆

تىلىغا ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەر كۆپلەپ قوبۇل قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئاتالغۇلىرىنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن مۇزىكا ۋە مۇقام ناملىرىمۇ ئەرەبچە-پارسچە ئاتىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئون ئىككى مۇقام تەركىبىگە كىرگەن بەزى ئاساسىي كۈيلەر V ئەسىردىلا كۇچالىق مۇزىكاشۇناس سۇجىۋا تەرىپىدىن گرافىكلىق (توغرى يېزىقتا ئىشلەنگەن بەلگىلەر بىلەن) خاتىرىلەنگەنلىكى مەلۇم. IX ئەسىردە بولسا، فارابى تۈركىي خەلقلەر مۇزىكىسىغا ئەرەب مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ بەزى مۇۋاپىق چۈشۈنۈكلىرىنى تەتبىق قىلىپ، ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىلەن گرافىكلىق خاتىرىلەشنىڭ قائىدىلىرىنى ئىشلەپ چىققان. مۇقاملار كۆپىنچە، ئەل نەغمىچىلەر تەرەپىدىن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق تارقالغانلىقى ئۈچۈن، گرافىكلىق خاتىرىلەش ئۇسۇلى ئىزچىل داۋام قىلالمىغان. لېكىن ئەل نەغمىچىلەر تەجرىبىلەر ئاساسىدا ياراتقان ”چىكىت“ ئۇسۇلى بىلەن شاگىرتلارغا ئۆگىتىپ كەلگەن. ”بۈيۈك كۈيلەر“نىڭ بەزى ئاھاڭلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە، خەنزۇ يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن گرافىكا بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كلاسسىك سىكلى XV ئەسىردە خېلىلا مۇجەسسەملەشكەن. XVI ئەسىردە سۇلتان ئابدۇرەشىتخان، ئامانىساخان ۋە ئەينى دەۋردىكى مۇقامشۇناسلاردىن قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە غەيرىتى بىلەن، جاي-جايلاردىن كۆپلىگەن ئەل نەغمىچىلەر، مۇقامشۇناسلار جەلپ



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىنىپ، مۇقاملارنىڭ ھەرخىل نۇسخىلىرى كەڭ كۆلەمدە توپلان-
غان؛ ”بەش تونىكا، يەتتە ئاھاڭ“ ۋە ”ئون ئىككى پەللە“ قائىدد-
سى بويىچە، ئىنچىكە تەھقىقلىنىپ، سىستېمىلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ
بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھازىرقى ئۆرنىكى شەكىللەن-
گەن. بۇ ئۆرنەك بويىچە ئون ئىككى مۇقام راك، چەببايات، سىگاھ،
چەھارگاھ، پەنجىگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئۇششاق، بايات، نەۋا، مۇ-
شاۋەرەك، ئىراقلاردىن ئىبارەت. دەرۋەقە، زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن،
مۇقاملارنىڭناملىرى ۋە رەت-تەرتىپى جەھەتلىرىدە بەزى ئۆزگە-
رىشلەر يۈزبەرگەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭدەك ئون ئىككى مۇقامنىڭ
ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بولغان يەرلىك ۋارىئانتلىرىمۇ مەۋجۇت، بۇلا-
ردىن مەشھۇرراقلىرى قومۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىدۇر.

ھەر بىر مۇقامدا ”كىرىشمە“بولىدۇ-دە، بۇ مەزكۇر مۇقامنىڭ
”ئانا تونى“نى بەلگىلەيدۇ؛ ”كىرىشمە“ (”مۇقەددىمە“دەپ ئاتالغان
مۇقام بېشى)پۈتۈن بىر مۇقامدىكى خىلمۇ-خىل كۈيلەرنىڭ غولى.
ئاندىن، مۇقام چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپ دېيىلگەن ئۈچ
سوتۇقتا (چوڭ قىسىمغا) بۆلۈنىدۇ. چوڭ نەغمە يەنە تەئەززە،
نۇسخە، جۇلا، سەنەم، سەلىقە، پىشرەۋ قاتارلىق كۈيلەردىن تەركىب
تاپقان. (بۇ كۈيلەردىن بەزىلىرى بىرقانچىدىن شاخلىنىدۇ) ؛ بۇ
كۈيلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مەرغۇللىرى ۋە چۈشۈرگىلىرى بولىدۇ؛
مەرغۇللار ئۆزلىرى تۈسلىنىپ چىققان كۈي (ئانا ئاھاڭ)دىن
ئۈزۈپ ئېلىنسا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كۈي بولالايدۇ. ”كىرىش-
مە“دىكى تۈپ مىلودىيە مۇقامنىڭ ئۈچىنچى سوتۇقىدا بەلگىلىك
مۇزىكا قانۇنىيىتى بويىچە خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىش ياسايدۇ. يەنە،



中央民族大学图书馆

مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى ئاخىرىدا ”تەئكىد“ بولىدۇ. تەئكىد
—بىرىنچى سوتۇقتىن ئىككىنچى سوتۇققا—داستان قىسمىغا ئۆ-
تۈشنىڭ كوۋرۈكى. چوڭ نەغمىنىڭ كۈيلىرى كۆپىنچە لىرىكىلىق
كۈيلەردۇر. چوڭ نەغمىدىكى تۈپ مېلودىيە داستان قىسمىدىمۇ
ئۆزئارا زىچ بىرىككەن ھالدا داۋاملىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇقام-
نىڭ داستان قىسمىدىكى مېلودىيىلىك قۇرۇلما چوڭ نەغمىدىكى
تۈپ مېلودىيىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر. داستان قىسمىدىكى
كۈيلەر قەھرىمانلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىشق-مۇھەببەت، ئەخ-
لاق-پەزىلەت، مەرىپەت ئىپادىلىنىدىغان قىسسە ياكى ۋەقەلىك
شېئىرلارغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئادەتتە ئۈچتىن-بەشكىچە داستان ئېي-
تىلىدۇ. ئايرىم ئاھاڭلىرى كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىگىمۇ باغلانغان.
ھەربىر ئاھاڭ ئارىلىقىدا مەرغۇللار بولىدۇ. مۇقامنىڭ ئىككىنچى
قىسمىنى ئېپىكلىق قىسىم دېسىمۇ بولىدۇ. ئاندىن، شوخ، قىزغىن،
ئەركىن، ئىخچام ناخشا-ئۇسۇل كۈيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈ-
چىنچى سوتۇق—مەشرەپ قىسمى باشلىنىدۇ. مۇقامنىڭ بۇ قىسمى
خەلق ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان دراماتىك خۇسۇسىيەتكە
ئىگە قىسىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان مەشرەپ-بەزمى-
لەردە، مۇقاملارنىڭ مەلۇم كۈيلەر سىكىلى ”سەنەم“ نامى بىلەن
كەڭ كۆلەمدە ئىجرا قىلىناتتى، بۇنداق ”سەنەم“لەر يەرلىك ئالاھى-
دىلىكلەر بىلەن تۈسلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ”قەشقەر سەنىمى“،
”كۇچا سەنىمى“، ”كورلا سەنىمى“، ”ئىلى سەنىمى“، ”قومۇل
سەنىمى“دېگەن خاسناملار بىلەن ئاتالغاندى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مىللىي ۋە ئۆزگە خاس مېلودى-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىسى، مۇئەييەن سىستېمىلاشقان مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، كۈيلىرىنىڭ موللىقى ۋە مەزمۇندارلىقى، ئۇرغۇ-تېمپلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، رىتىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، مۇزىكىلىق ئوبرازلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن ياكى ”مۇقام“لىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا شەكىللەنگەن پەلسەپىسى، پسىخولوگىيىسى، زېمىنگە ئۇيغۇن ياشاش ئۇسۇلى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ھالەتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مېلودىيە، تۈس، پۇراق، ئۇرغۇ، رىتىم جەھەتلىرىدىن مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە. مۇقامدا مېلودىيە شۇنداق قاتمۇ-قاتكى، بىرخىل كۈي ۋە بىرخىل ۋەزن ئىچىدە ئانا تون ياكى تۈپ مېلودىيە غول قىلىنغان ھالدا ھەرخىل تارماق مېلودىيىلەر كېلىپ چىقىدۇ. مېلودىيىدە، يەنە كېلىپ، زەنجىردەك سىجىل تېمىلار ناھايىتى كۆپ، بۇ تېمىلار مۇئەييەن لىنىيىنى بويلاپ، گىرەلەشكەن ھالدا راۋاجلىنىپ، ھەرخىل مۇزىكىلىق ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مۇقاملىرى تىڭشىغۇچىلاردا ھاياجانلىق ياكى جەڭگىۋارلىق، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ۋە كۆتۈرەڭگۈلۈك، مۇڭلۇق ۋە خىيالچانلىق، مۇھەببەت ياكى نەپرەت تۇيغۇلىرىنى دەرھال پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىسىدۇر، مۇقاملار ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك، باي مەزمۇنلۇق،



中央民族大学图书馆

رەڭمۇرەڭ تۇسلۇك، بەدىئىي پاساھەتلىك، يەڭگىل ھەم ئېيتىشقا ئەپلىك كلاسسىك شېئىرلار (ئاساسەن غەزەللەر)، بېيىت-قوشاقلار بىلەن جانلىنىدۇ. ھەر بىر مۇقامنىڭ ئىككىنچى قىسمى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان ئېپىكلىق داستانلار بىلەن تېخىمۇ يارقىن تۇسكە كىرىپ، تىڭشىغۇچىلارغا سيۇژىتلىق پەلسەپىۋى ۋە دىداكتىكىلىق تېكىستلەر ئارقىلىق يەنىمۇ تەسىرچان ئېستېتىك ھوزۇر بېغىشلايدۇ. مەشرەپ قىسمىدىكى كۈيلەر كۆپىنچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئومۇملاشقان بېيىت-قوشاقلار ۋە بۇلارغا ماس كېلىدىغان كلاسسىك شېئىرلار بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ-دە، تىڭشىغۇچىلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا-ئۇسۇللار قاينىمىغا شۇڭغۇيدۇ.

ئون ئىككى مۇقام XVI ئەسىردە رەتلەنگەن چېغىدا، مۇقام كۈيلىرى شۇ زامانغىچە ئۆتكەن كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىغا ياكى خەلق داستانلىرىغا باغلانغان بولۇشى تەبىئى. لېكىن، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مۇقامچىلارنىڭ خاھىشى، سورۇننىڭ ئېھتىياجى ۋە بەزى تىڭشىغۇچىلارنىڭ چەك قويۇشى بىلەن، تېكىستلەر ئۆزگىرىپ بارغان.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تېكىستلەر يەنى مۇقام پېشۋاسى — ئون ئىككى مۇقامنى ئۆز بوۋىسىدىن ئۆگەنگەن ئەنئەنە بويىچە زامانىمىزغا يەتكۈزگەن مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن باغلىغان تېكىستلەر زامان ۋە سورۇنلارنىڭ تاللىشىدىن ئۆتكەن ئاساسىي مەنبەدۇر. بۇ تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى مۇزىكا مەزمۇنىغا، تېكىستلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇزىكا قۇرۇلمىسىغا، شېئىرىي ۋەزىنلىرى كۈيلەر ۋەزىنلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى زامان-زامانلاردىن بۇيان ھەرخىل سىياسىي-ئىجتىمائىي، مەنىۋى داۋالغۇشلاردىن، داۋان-توسۇقلاردىن ئۆتۈپ، ئەل نەغمىچىلەرنىڭ ئۆز جېنىدىن ئارتۇق ساقلىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن زامانىمىزغا ئۇلاشتۇرۇلدى. ئون ئىككى مۇقامنىڭ زامانىمىزغا ئۇلىنىشىدا، مۇقام پېشۋاسى تۇردى ئاخۇننىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور. ھېچقانداق نوتىغا قارىماي، ھەربىر مۇقامنى ئۆزىنىڭ تۈپ مېلودىيىسى غول قىلىنغان كۈيلەر سىستېمىسىنى تەرتىپى بويىچە ئىزچىل سۈرەتتە ئازماي-تەزمەي، سوتكىلاپ ئېيتىپ بېرەلىگەن تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەقىقەتەن "مۇزىكا قامۇسى" دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا لايىق مۇقامشۇناسدۇر؛ جۈملىدىن ئۇنىڭ كەسپداشلىرى قاسىم ئاخۇن، روزى ئاكا قالۇنچى، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلارمۇ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت پېشۋالىرىدۇر.

خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كەلگەن مەشرەپ ۋە سەنەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇقاملارنىڭ چوڭ نەغمە قىسىملىرى ناھايىتى تار دائىرىدە، ئونلىغان ئەل-نەغمىچىلەرنىڭ ئەس-يادىدىلا ساقلىنىپ قالغاچقا، ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئازادلىق ئون ئىككى مۇقامغىمۇ نىجاتلىق ئېلىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى 1950-يىللاردىن باشلاپ 1996-يىلغىچە ئىزچىل غەمخورلۇق قىلىپ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ھەر قايسى باسقۇچلاردا ئوخشاشلا كونكرېت كورسەتمىلەر بېرىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئون ئىككى مۇقامنى سىمغا يېزىۋېلىش ۋە نوتىغا ئېلىش ئىشى 1951-يىلىدىلا باشلان-



中央民族大学图书馆

غان. تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر ۋە ئۇنىڭ كەسپداشلىرىدىن
بىرقانچە ئەلنەغمىچى مۇقامچىلار 1951-يىل 7-ئاي، 1954-يىل
8-ئايلاردا ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئون ئىككى مۇقامنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمى سىمغا يېزىۋېلىندى. بۇ ئىشتا، ئۇيغۇر ئون
ئىككى مۇقامنىڭ بىباھا بايلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن مۇزىكا
مۇتەخەسسىسى ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ،
ئون ئىككى مۇقامنى تۈنجى قېتىم بەش سىزىقلىق خەلقئارا بەلگىلەر
بىلەن نوتىلاشتۇردى. تېكىستلىرىنى يېزىۋېلىشتا ئاتاغلىق شائىرلى-
رىمىز ئەمگەك سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئون ئىككى مۇقام
ئۈزۈلۈپ قېلىش گىرداۋىدىن دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇپ قېلىن-
دى. ئون ئىككى مۇقامنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتى داۋاملىق
ئىشلەندى. يەنى مەدەنىيەت-سەنئەت ئورۇنلىرىدىن مەلۇم مۇتە-
خەسسىسلەر ئاجرىتىلىپ، ئۇلار سىمغا يېزىۋېلىنغان نۇسخىنى ئۆز-
لەشتۈرۈپ، ئەمەلدە ئىجرا قىلىش ۋە رادىئو ئارقىلىق تارقىتىش
ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ساھەدە زىكرى ئەلفەتتاھ قاتارلىق
بەستىكارلىرىمىز ئۆز قابىلىيىتىنى نامايەن قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىيىسى زور ماھارەت بىلەن كۈچ
چىقاردى. دەرۋەقە 30-يىللاردىن باشلاپ، يېڭىچە تىياتىرچىلىق
سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا، مۇقام مۇزىكىسى خەلق
ئىچىدىكى سورۇندىن تىياتىر سەھنىسىگە چىقتى. 30-يىللاردىن
60-يىللارغىچە، سەھنىلەشتۈرۈلگەن ناخشا-غەزەللەرنىڭ تولىسى
مۇقام كۈيلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. 60-يىللاردىن كېيىن سىيا-
سىي-ئىجتىمائىي تېمىلاردا يېزىلغان بەزى سەھنە ئەسەرلىرىگە



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرەر مۇقامنىڭ موھىم كۈيلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا باشقا
مۇقاملاردىنمۇ ئايرىم كۈيلەر تەتبىق قىلىنىپ قوللىنىلدى. سىياسىي
تېمىلاردىكى سەھنە ئەسەرلەر ۋە ناخشىلاردىمۇ مۇقام ئۆزىنىڭ جەزد-
بىدار ۋە تەسىرچان رولىنى جارى قىلدى ھەم ھاياتىي قۇدرىتىنى
كۆرسەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ 3 - ئومومىي يىغىنىدىن كېيىن ئون ئىككى مۇقامنى قې-
زىش، رەتلەش، تولۇقلاش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك
خىزمەتلەر ئىشلەندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ھەمدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاڭ-
جېن - سىياسەتلىرى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئون ئىككى مۇقام-
نى تەتقىق قىلىش خىزمىتى تېخىمۇ جانلاندى. 1987 - يىلى ش
ئۇ ئا ر مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن
كېيىن ش ئۇ ئا ر مۇقام ئانسامبىلى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون
بويىچە، مەملىكەت بويىچە ۋە خەلقئارالىق مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنلىرى كەينى - كەينىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ش ئۇ ئا ر ئون
ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىكتە ئون ئىككى
مۇقامنىڭ تېكىستلىرى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئىلمىي خىزمەتلەرنى
ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقامشۇناسلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. ئون
ئىككى مۇقام پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىن چىقىپ، دۇنياغا يۈزلە-
نىپ، خەلقئارا سەھنىلەردە جەلبكار سادا ياڭراتتى ۋە تىڭشىغۇچى-
لارنى ھەيران قالدۇردى.

ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى كۈيلەر ۋە تېكىستلەردىن ئىبارەت



中央民族大学图书馆

ئىككى ساھەگە بۆلۈندۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكا باشلىق مۇقامچىلار بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كۈيلەر ۋە تېكىستلەر ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە تولۇقلاش خىزمىتىدە موھىم ئاساس بولدى. بۇ ئاساس بويىچە، ئون ئىككى مۇقامنىڭ كۈي-نەغمىلىرى ۋە تېكىستلىرى بىرقانچە قېتىم رەتلەندى، نەشر قىلىندى ۋە بارغانسىرى مۇكەممەللىشىشكە باشلىدى. ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى بىلەن مۇقام كۈيلىرى ۋە تېكىستلىرى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى ئاساسىدا تولۇقلاندى. شۇ ئارقىلىق مۇقام تەتقىقاتىدا يەنە بىر ئەھمىيەتلىك چوڭ قەدەم تاشلاندى. XVIII ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس، ئالىم ئىسمەتۇللا ئىبنى نېمەتۇللا مۇئجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «ئامانىنساخان ئۆزىنىڭ گۈزەل لېرىكىلىرىدىن〈دىۋان نەفسى〉 ناملىق بىر دىۋان تۈزگەن، 〈شۇرۇھۇل قۇلۇپ〉، 〈ئەخلاقۇل جەمىل〉 ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان، 〈ئىشرەت ئەڭگىز〉 ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان» دېگەن.

ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئىزدىنىشى، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈشى بىلەن بۇ قېتىم ئامانىنساخاننىڭ ئىجادىيىتى بولغان «ئىشرەت ئەڭگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقام تېپىلدى. بۇ مۇقام 92 مىسرالىق كلاسسىك شېئىر ۋە 20 مىسرالىق



中央民族大学图书馆

خەلق قوشاقلىرى بىلەن باغلانغان 11 ئاھاڭنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ خاتىمىسى بولغان «ئابى چەشمە»لەر ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى مۇزىكا بۆلەكلىرىدىن بولغان «مۇستەھزاد»لار تېپىلدى. بۇلار 242 مىسرالىق كلاسسىك شېئىر-لار بىلەن باغلانغان 39 ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەنە «راك»، «چەببايات» مۇقاملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىلىرىدىن بولغان 13 ئاھاڭ تېپىلدى، بۇ ئاھاڭلار ئارقىلىق يوقىرىقى مۇقاملار تولۇقلاندى.

يېڭىدىن تېپىلغان «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ «ئابى چەشمە»، «مۇستەھزاد» قاتارلىق مۇزىكا بۆلەكلى-رى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 13-كىتابى سۈپىتىدە بۇ قېتىم نەشر قىلىنغان «ئابى چەشمىلەر ۋە ئىشرەت ئەڭگىز» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

يۇقىرىقى مۇقام ۋە ئاھاڭلارنىڭ تېپىلىشى مەدەنىي ھاياتىمىز-دىكى خوشاللىنارلىق زور ۋەقە. چۈنكى بۇ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىختىكى ئۈچىنچى قېتىملىق رەتلىنىشى ۋە تولۇقلىنى-شى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تولۇقلاپ نەشر قىلىنغان بۇ نۇسخا نوتا، ئۇيغۇرچە ترانسك-رىپسىيىلىك تېكىست، يەشمە، لۇغەت، ئىزاھات، تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامغا تېكىستلىرى كىرگەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى، نوتا بەلگى-لىرى توغرىسىدا ئىزاھات، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئاھاڭ



中央民族大学图书馆

كۆرسەتكۈچلىرى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ تېكىستلىرى، بۇنىڭدىن
ئىلگىرى(1964-، 1983-يىللىرى) تۇردى ئاخۇن ئېيتقان تې-
كىستلەر بويىچە رەتلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى. لېكىن ئۆتمۈشتە
خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە ئوقۇش-ئورۇنداش جەھەتتىكى
سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بەزى تېكىستلەر قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى
ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، بەزىلىرى تەكرارلىنىپ كەتكەن ياكى ئىككى-
كى-ئۈچ شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بېيىتلاردىن قۇراشتۇرۇلغان-
دى. 1993-يىلى، تېكىستلەرنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەشتە، بۇ
كەمچىلىكلەر مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىمۇ
چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش جەريانىدا، بەزى سەۋەنلىك-
لەر بايقالدى. 1995-يىلى ش ئۇ ئا ر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات
ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى
تەتقىقات جەمئىيىتى 47 نەپەر ئالىم-مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب
تاپقان 4 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە-پرىن-
سىپلارنى بەلگىلەپ، شو قائىدە-پرىنسىپلار ئاساسىدا تېكىستلەر
ئۈچىنچى قېتىم ئەستايىدىل رەتلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەنبەلىرى
تەھقىقلەندى. تېكىستلەرنىڭ مەزمۇن ھەم ۋەزنلىرى كۈيلەرنىڭ
تېما ھەم ۋەزنلىرىگە ماس بولۇش ئەنئەنىسىگە تولۇق ۋارىسلىق
قىلىندى. ئايرىم تېكىستلەردىكى كەم جايلار شۇ تېكىستنىڭ قەدىم-
كى قول يازمىلىرى ئاساسىدا تولۇقلاندى. تەكرار ئېيتىلغان تې-
كىستلەر قايسى شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئېلىنغان بولسا، شۇ
شائىرنىڭ ياكى زامانداش شائىرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېئىرلىرى بىلەن يەڭگۈشلەندى. كلاسسىك شېئىردىن ئېلىنغان تېكىستلەردە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ لىرىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى نامايەن قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ قېتىم رەتلەنگەن تېكىستلەر كلاسسىكلىرىمىزدىن 44 نەپەر شائىرنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولۇپ ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل، ھەزەج، رەجەز، مۇتەقارىب، مۇجتەس... قاتارلىق بەھرىلەرنىڭ ھەرخىل ۋەزنلىرىدە يېزىلغان غەزەللەردىن تەركىب تاپتى. مۇقاملارنىڭ داستان قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلار ئىلگىرىكى تېكىستلەردە ئاساسەن ئىككىلا داستاننىڭ ئۆزۈندىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قېتىمقى رەتلەشتە، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان مۇنەۋۋەر داستانلار مەسىلەن، «غەرىبـسەنەم»، «بەھرامـدىلئارام»، «يۇسۇفـئەھمەد»، «ھۆرلىقاـھەمراجان»، «سەنەۋبەر»، «فەرھادـشىرىن»، «شاھزادە نىزامىددىن ۋە مەلىكە رەئنا» قاتارلىقلارنىڭ قول يازمىلىرى ئاساسىدا پارچىلار بېرىلدى. مۇقامنىڭ داستان قىسمىدا 14 داستان پارچىلىرىدىن باشقا، كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ قەسىدە ژانىرىغا ياندىشىدىغان غەزەللىرىمۇ قايتا رەتلەندى. خەلق بېيىتـقوشاقلىرىدىن ئېلىنغان تېكىستلەرنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، سيۇژېتلىق باغلىنىشى ۋە مەنتىقىي مۇناسىۋەتلىرى، تارىخىيلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتى كۆزدە تۇتۇلدى.

ئون ئىككى مۇقامنى نوتىلاشتۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي ياخشى ئىشلەندى. مۇزىكا شۇناس ۋەن تۇڭشۇ، تۇردى ئاخۇن باشلىق مۇقامچىلاردىن خاتىرىگە ئالغان ئۈنئالغۇ لىنتىسى بويىچە يېزىپ چىققان تۇنجى نوتىدىن بۇ قېتىم مۇۋاپىق پايدىلىنىپ



中央民族大学图书馆

قايتىدىن نۇتىلاشتۇرۇلدى. نوتىغا ئېلىشتا، ئاھاڭ ئايرىش مېخانىزمدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھەربىر كۈينىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئەينەن ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. قايتا يېزىلغان نۇتا پايتەختتىكى مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ، ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناسلىرىدىن تەتقىقاتچى خۇاڭ شياڭپېڭ، پروفېسسور تيەن ليەنتاۋ، قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

باشقا مىللەت مۇزىكاشۇناسلىرى ياكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئوقۇشى ۋە ئېيتىشىغا ئوڭاي بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئومۇمراق بولغان خەلقئارالىق گرافىك بەلگىلەر بىلەن تېكىستلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بېرىلدى. تېكىستلەر خەنزۇچىگە قايتىدىن تەرجىمە قىلىندى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ بۇ قېتىمقى نەشرىنى تەييارلاشتا، مۇقامچىلار، ئەدەبىياتشۇناسلاردىن، كومپوزىتورلاردىن كەڭ، تەكرار پىكىر ئېلىندى، قايتا-قايتا تەھلىل-تەھرىردىن ئۆتكۈزۈلدى.

«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ قولىڭىزدىكى بۇ نۇسخىسى مۇقام پېشىۋالىرىنىڭ، مۇقامشۇناسلارنىڭ، مۇقامچىلارنىڭ، كومپوزىتورلارنىڭ، كلاسسىك ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆپ يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ نەتىجىسى. ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇقاملىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، مۇقام نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۈرلۈك



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاستىلىرى ۋە ھەرخىل ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتلىرىدە، بۇ نۇسخا دەستۇر بولۇپ قالغۇسى.

ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى جەمئىيەتتىكى ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئىزدىنىشى، زور كۈچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئۇن ئىككى مۇقام نوتىلىرى ۋە تېكىستلىرى ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تولۇقلاندى. نوتا ۋە تېكىستلەردە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى نۇقسانلار تۈزىتىلدى، شۇنداقتىمۇ بۇ نۇسخىدا يەنە ئايرىم يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. كەسىپداشلارنىڭ كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا تۈزىتىپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆمۈر داۋامەت**

1996-يىل ئۆكتەبىر



中央民族大学图书馆





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................ 1
ترانسكرىپسىيىلىك تېكستلەر ........................ 3
يەشمىلەر ........................ 53
لۇغەت ........................ 83
ئىزاھاتلار ........................ 105
كلاسسىك شائىرلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................ 133
«ئون ئىككى مۇقام» نوتىسىدا قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگىلەر
ھەققىدە ئىزاھات ........................ 156
ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ ........................ 158



中央民族大学图书馆

# ترانسكرپسيلك
# تيكستلر



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە

## چوڭ نەغمە


مۇقەددىمە

جۇنۇن دەشتىدە بىزنى ............... مەشھۇرى (7)

تەئەززە

سۇبھى دەمدە ئاچتى ............ ھافىز شىرازى (10)

تەئەززە چۇشۇرگىسى

تەۋبە قىل زوھدۇ رىيايىغە ................... ″ (11)

بىرىنچى نۇسخە

ئۆلگىچە بەندەڭ بولاي ............... نەۋبەتى (12)

بىرىنچى نۇسخە چۇشۇرگىسى

يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى ................... ″ (13)

ئىككىنچى نۇسخە

گۈل ياقا چاك ئەيلەدى ............... مەھزۇن (14)

ئىككىنچى نۇسخە چۇشۇرگىسى

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ ................... ″ (15)

مۇستەھزاد

ئارەزىڭنى باغ ئارا ................... نەۋائى (16)




中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇلا
خىلئەتى جانغە مۇنەققەش ................ زىيائى (18)
جۇلا چۇشۇرگىسى
ئايتىپ-ئايتىپ يىغلاساڭ ..................... " (19)
سەنەم
ئىگىز-ئىگىز تاغ باشىدا ......... خەلق قوشىقى (21)
چوڭ سەلىقە
جانا، يۈزۈڭنى ........................ مەشرەب (22)
كىچىك سەلىقە (بىرىنچى ئاھاڭ)
يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۈم ......... مەھزۇن (24)
ئىككىنچى ئاھاڭ
ئەرزىمنى ئايتاي.......................... مەشرەب (25)
ئۈچىنچى ئاھاڭ
نەرگىسىڭ جادۇسىدىن .................... ئايازى (27)
تۆتىنچى ئاھاڭ
ئەي زۇھۇرى ......................... مەزھەرى (28)
بەشىنچى ئاھاڭ
ئەي سەبا، بەرگىل خەبەر ............ نەۋبەتى (30)
كىچىك سەلىقە چۇشۇگىسى
سىدق بىرلە جۇستىجۇ قىل.................. " (30)
پىشرەۋ
بولدى يۈزۈڭدىن ............... هافىز خارەزمى (32)
پىشرەۋ چۇشۇرگىسى
نى تۇرفە هافىز ........................... " (33)
تەئكىد
شەھسەۋارىم ھەر قاچان ............. نەۋائى (34)



中央民族大学图书馆

## داستان


بىرىنچى داستان

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈگىدەك ......... سەئىدى (36)

ئىككىنچى داستان

ئەي سىنىڭ جادۇ كۆزۈڭ ............ ھۇسەينى (37)

ئۈچىنچى داستان

نازلىق دىلبەر .................. «سەنەۋبەر»دىن (39)

تۆتىنچى داستان

ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى .................. نىزارى (40)

بەشىنچى داستان

مۇغەننى، چەك مەقامى راكنى ....... ناقىسى (42)


## مەشرەب


بىرىنچى مەشرەب

گوياكى كۆگۈل سەرھەدى................ زەللى (44)

ساڭا يۈز شۈكر، يارەب، ............... نەفسى (45)

ھەق يولىدا جان چىكىپ ............ رەشدى (46)

ئىككىنچى مەشرەب

يانە ياز بولدىيۇ تاپتى.................. گەدائى (48)




中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# چوڭ نەغمە

## مۇقەددىمە

جۇنۇن دەشتىدە بىزنى بىر گۇرۇھ ئەۋۋارەلەر دەرلەر،
مۇغىلان خار-خارىدىن ئاياغى يارەلەر دەرلەر.

بەلا باغىسە باشىمىزغە دەم ئالماي دەۋرى گەردۇندىن،
رىزا بەرگەن قەزاغە ئاشىقى بىچارەلەر دەرلەر.

كۆرۈپ مەيخانە ئىشكىدە غەزەلخانۇ گىرىبان چاك،
مۇغانىنىڭ قىزىغە ئاشىق ياقا سەد پارەلەر دەرلەر.

فەتىلە ساچلارىمىزنى، كۆرۈبان قاشلارىمىزنى،
قارا كۈن باشىدا بىر نەچچە بەختى قارەلەر دەرلەر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەرۋ سامانىمىزنى سورماغىل بىز بىنەۋالارنىڭ،
فەلەك گەردىشلەرىدىن كۆڭلەرى دۇشۋارەلەر دەرلەر.

سارىغ چېھرە بىلەن كاھى يۈزۈمگە گەر باقىپ ھەر دەم،
كى گۈلرۇخلار فىراقىدا خەزان رۇخسارەلەر دەرلەر

قاچانكىم ئاقىبۇرۇت ئابىد قاشىغا بارغۇمىز، بىزنى
قارا قاشلار قاشىدا دەر-بەدەر ئەۋۋارەلەر دەرلەر.

كۆرۈپ ئەئزايىمىزنى زەخمىلىك ئەھلى تەماشا كىم،
پەرىلەر كويىدا ئەۋۋارەئى سەگسارەلەر دەرلەر.

گەر ئىھسان قىلماسا دەرۋىشلەرگە ئەھلى نىئمەتلەر،
گۆھەر خىرمەنلەرىنى تۇدەئى سەڭخارەلەر دەرلەر.

باشىمىزدا كۆرۈپ نەشئە، قولىمىزدا كۆرۈپ ساغەر،
قۇتۇلغان يۈز جەھان غەمدىن نەچە مەيخارەلەر دەرلەر.

ئېرۇر مەشھۇرى ئانداغ قەۋمدىن زەخمەلەرىن كۆرگەچ،
زەمانە تاشلارىدىن نەچچە كۆكسى پارەلەر دەرلەر.❶

— مەشھۇرى.

❶ «دىۋانى مەشھۇرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 47-بەت.



中央民族大学图书馆

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

– – – ◡ – – – ◡ – – – ◡ – – – ◡





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەئەززە

سۇبھى دەمدە ئاچتى خەممارى ئىشىك مەيخانەغە،
بۇق-بۇق ئاۋازى سۇراھى جان بېرۇر مەستانەغە.

مەن يىراقدىن بەزمەغە كەلدىمكى ئاخىرراقدە،
ساقىيا، قوپ، مەيىنى پۇر ئەيلەكى بۇ پەيمانەغە.

مەجنۇن ئولدۇم لەيلىنىڭ ئىشقىدە بۇ ئالەم ئارا،
ئاقىلا، قىلما نەسىھەت مەن كەبى دىۋانەغە.

چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى مەئشۇقىغە ئاشىقى،
ئىشقىدا كۆيمەكنىكىم ئۆرگەتتى بۇ پەرۋانەغە.

سىينە زەڭگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك قىل،
پاكلىك بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.

يوقدۇرۇر دۇشنام سەيىيادى ئەزەلكى جانىمە،
كەلدىلەر مۇرغى ھەۋا ئالەمغە بەھرى دانەغە.



中央民族大学图书馆

تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق، ھافىزا،
بەسكى ئاچماسدا ئىشكىنى بۇ كېچە مەيخانەغە.

## تەئزە چۈشۈرگىسى

تەۋبە قىل زۇھدۇ رىيايىغە بۇرۇنراق، ھافىزا،
بەسكى ئاچماسدا ئىشكىنى بۇ كېچە مەيخانەغە. ❶

— **ھافىز شىرازى** (زىلەيخا بېگىم تەرجىمىسى).

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⌣— —⌣— 〚CDF ＊ 4/5〛 ⌣— —⌣—



❶ «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 29-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى نۇسخە

ئۆلگىچە بەندەڭ بولاي، ئەي شاھى خۇبانىم ساڭا،
تا تىرىكدۇرمەن فىدا ئەيلەي تەنۇ جانىم ساڭا.

ئەي نىگارا، كاشكى كۆرسەم جەمالىڭ ئەكسىنى،
كۆيدۈمۇ فانۇسدەك شەمئى شەبىستانىم ساڭا.

رەھم قىلغىل مەن يەتىم بىچارەگە، ئەي نازەنىن،
ھەسرەتىڭدە زەئفەراندەك بولدى رۇخسارىم ساڭا.

مۇنچە كۆيدۈرمەك نېدۇركىم ئاشىقى بىچارەنى،
كىممۇ ئايتغاي ئەرزى ئەھۋالىمنى، جانانىم، ساڭا.

دىلبەرا، سەندىن زەمان ئايرىلماقىم دۇشۋاردۇر،
تا قىيامەت يىغلاسام يەتكەيمۇ ئەفغانىم ساڭا.

كېچە-كۈندۈز يارنىڭ كويىدا ئىچتىم بادەئى،
زاھىدا، مەنئ ئەتمەگىلكىم باغۇ بوستانىم ساڭا.



中央民族大学图书馆

يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى،
رەھم قىل، يا رەب، قەبۇل بولغايكى ئىمانىم ساڭا.

## بىرىنچى نۇسخە چۈشۈرگىسى

يارنىڭ ۋەسلى جەمالىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى،
رەھم قىل، يا رەب، قەبۇل بولغايكى ئىمانىم ساڭا.❶

— نەۋبەتى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ—— —ᵕ—— —ᵕ—— —ᵕ—



❶ «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 9-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى نۇسخە

گۈل ياقا چاك ئەيلەدى، رۇخسارى ئالىڭنى كۆرۈپ،
سەرۋى ئەرئەر تىترەدى، نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ.

ياڭى ئاي قان يىغلادى، ئىبرەس شەفەق چەرخ ئۆزرە كىم.
قامەتىن خەم ئەيلەبان، مۇشكىن ھىلالىڭنى كۆرۈپ.

سەير ئىتىپ كۆڭلۈم قۇشى باغلاندى زۇلفۇڭ دامىغە،
دانە يەڭلىغكىم لەبىڭ ئۈستىدە خالىڭنى كۆرۈپ.

خىزر سۈيى بىرلە ئىيسا ياشۇنۇپ بولدى خىجىل،
لەئلىڭ ئىچرە ناگەھان شىرىن زىلالىڭنى كۆرۈپ.

بىر نەفەس جان تۇرماسۇن تەندە، سېنى گەر كۆرمەسەم،
خىزرى ئۇمرىدۇر ماڭا ئۆلسەم جەمالىڭنى كۆرۈپ.

جەننەتۇل-فىردەۋس ئارا سەن بولماساڭ، ئەي مەھجەبىن،
تاڭ ئەمەسدۇر كەچسەم ئاندىن چۇن ۋىسالىڭنى كۆرۈپ.



中央民族大学图书馆

ئەي كۆڭۈل، كويىدا بولدۇڭ نەچچە يىلدىن ناتەۋان،
رەھمىسى كەلمەسمۇ بىر، ئارزۇردە ھالىڭنى كۆرۈپ.

ئەھلى دۇنيانىڭ ئىپەك تونىنى قىلما ئارزۇ،
ئەي فەقىر، شۇكر ئەت، چۇبۇلغان ئەسكى شالىڭنى كۆرۈپ.

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى، بول گەدا،
دەير پىرى مەي بىرۇر، سۇنغان سەفالىڭنى كۆرۈپ.

## ئىككىنچى نۇسخە چۈشۈرگىسى

مەھزۇنا، مەي ئىستەسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى، بول گەدا،
دەير پىرى مەي بىرۇر سۇنغان سەفالىڭنى كۆرۈپ.❶

— مەھزۇن.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᐯ— —  —ᐯ— —  —ᐯ— —  —ᐯ—

❶ «دىۋانى مەھزۇن» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 –يىل نەشرى، 14 –بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇستەھزاد

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى، ھەيران بولدى گۇل،
بەرگسىز قالدى نىدىنكىم، بەس، پەرىشان بولدى گۇل.

بادەدىن گۇل-گۇل كۆرۈپ ئول يۈزنى، ئانىڭ ھەجرىدىن
چاك-چاك ئولغان كۆڭۈلدەك تەھ-بەتەھ قان بولدى گۇل.

گۇلئۇزارىم كىشۋەرى ھۇسن ئىچرە بولدى پادىشاھ،
راست ئانداغكىم چەمەن مۇلكىدە سۇلتان بولدى گۇل.

سەيرى باغ ئەيلەردە دەۋران چەشمى زەخمى دەفئىغە،
ھەر تەرەفدىن چابۇكۇم دەۋرىدە قالقان بولدى گۇل.

لەئل كامىمدۇر قاشىمغە كەلسە ئول گۇل خىرمەنى،
مەي تىلەر كۆڭلۈم چۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۇل.

كېچە-كۈندۈز قىلما گۇلباڭىڭنى، بەس، ئەي ئەندەلىب،
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۇلشەن ئىچرە مىھمان بولدى گۇل.



中央民族大学图书馆

گۈل چاغى يارى سەفەر ئەيلەپ، نەۋائى جانغە،
ھەر بىرى بىر تازە قانلىغ داغى ھىجران بولدى گۈل.❶

— نەۋائى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

### بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

–ᵕ– ––ᵕ– ––ᵕ– ––ᵕ–



❶ «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 392—393-بەتلەر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جۇلا

خىلئەتى جانغە مۇنەققەش ئۇلدى جانان سۈرەتى،
بولدى جانان سۈرەتى بۇ جىسم ئارا جان سۈرەتى.

جاننى جانانغە نىسار ئەتتىم، پەرىمۇ، ھۆرمۇ،
قالمادى، ئەي دوستلارىم، مەندە ئىنسان سۈرەتى.

ئىزدەبان كەزدىم جەھاننى تاپمادىم سالىپ سۇراغ،
زارنى سەرگەشتە ئەيلەپ قىلدى ھەيران سۈرەتى.

ئوتغە تۇشكەن قىل كەبى جانىمنى ئەتتى پىچ-پىچ،
ھەلقە-ھەلقە ئەيلەدى زۇلفى پەرىشان سۈرەتى.

خەنجەرى ھىجران ھۇجۇمى ئەيلەدى باغرىمنى چاك،
بىر قىيا باقماق بىلە ئول غۇنچە خەندان سۈرەتى.

تىيرە كۆڭلۈمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەسە، يوقدۇر ئەجەب،
نەيىرى ئەئزەم بولۇپ خۇرشىدى رەخشان سۈرەتى.



中央民族大学图书馆

تەلبە راي ئەتتى كۆڭۈل يادى بىلە مەجنۇن كەبى،
ئەيلەدى ئالەم ئىلىدىن بىزنى پىنھان سۇرەتى.

رەھم ئېتىپ مەن تەلبەگە قىلسە ئۆزىنى ئاشكار،
زاھىر ئولغاي ئول پەرىدىن لۇتفۇ ئىھسان سۇرەتى.

ئۆلگىچە قىلسام تەلەب ۋەسلى مۇيەسسەرمۇ ئىكىن،
ئەسلىنى تاپماق بەسى مۇشكىللىكى، ئاسان سۇرەتى.

دانە-دانە ئەيلەسەم ئەشكىمنى چۇن ئەبرى بەھار،
كۆزدىن ئاقغان سۇ بولادۇر لەئلى رۇممان سۇرەتى.

ئايتىپ-ئايتىپ يىغلاساڭ، مەسئۇد، يوقتۇر ھەمدەمىڭ.
بىدەۋا دەردىڭغە بولماي سەھت ئىمكان سۇرەتى.

— زىيائى.

## بۇلاچۇشۇرگىسى

ئايتىپ-ئايتىپ يىغلاساڭ، مەسئۇد، يوقدۇر ھەمدەمىڭ.
بىدەۋا دەردىڭغە بولماي سەھت ئىمكان سۇرەتى.❶

❶ «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 207—208-بەتلەر.



中央民族大学图书馆

# ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—◡— ——◡— ——◡— ——◡—





中央民族大学图书馆

# سەنەم

ئېگىز-ئېگىز تاغ باشىدا چىراق كۆيەدۇر،
چىراق ئەمەس يارنىڭ ئوتى يۈرەك كۆيەدۇر.

ئېگىز-ئېگىز تاغ باشىدىن سىيرىلدىم تۈزگە،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچەسىدەك كۆرۈنگەن يارىم،
قىزىق تونۇر ئاتەشىدەك كۆيۈنگەن يارىم.❶

— خەلق قوشاقلىرىدىن.



❶ «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981-يىل ئومۇمىي 3-سان، 464-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ سەلقە

جانا، يۈزۈڭنى كۆرگەلى كەلدىم،
شەككەر لەبىڭنى سۆيگەلى كەلدىم.

ئەي خاجەئى ھۇسن، بەندەڭ بولايىن،
قۇلدەك ئىشىكدە تۇرغالى كەلدىم.

ئۇچرادى ناگاھ ئەھلى مۇھەببەت،
قىيمەت بەھانى ئالغالى كەلدىم.

مەشرەبكە تەگسە بىر كاسە دەۋران،
بەش كۈن جەھاندە تۇرغالى كەلدىم.❶

— مەشرەب.

❶ «شاھ مەشرەب»، XGQ〔1059 نومىرلىق قول يازما، 195 ـ بەت.



中央民族大学图书馆

# ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسلەم

فەئلۇن فەئۇلۇن فەئلۇن فەئۇلۇن

— —⌵ — — — —⌵ — —





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىچىك سەلقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

يولدا بىر مەھۋەشنى كۆردۈم ئۆزگەچە رەفتارى بار،
باشىدا گۇلگۈن جەلاسى، ئۆشىنىدە زۇننارى بار.

قەتلىئام ئەيلەرگە چىقمىش يانىغە باغلاپ قىلىچ،
ئەڭنىگە كىيگەن غەزەبدىن چەكمەنى گۇلنارى بار.

دەم بەدەم ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇم خىرمەنىن كۈل قىلغالى،
ھەي-ھەي، ئول قاتىلنىڭ ئىككى ئاتەشىن رۇخسارى بار.

شوخلۇقىدىن ئوينىشىپ جان ئالسە ھەر دەم كۆزلەرى،
غەم ئەمەستۇر جان بىرۇردە لەئلى شەككەر بارى بار.

بۇسە ئىستەپ كۆزلەرىم سۇرسەم ئاياغىن سۇنمادى،
دېدى ئول بىرەھم كافىر ئىشوە بىرلە: «نارى بار».



中央民族大学图书馆

ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ قاچىڭلار ھەر تەرەف،
دىننى غارەت قىلغالى كۆپرەك بۇ كۇن ئازارى بار.

ئۆلسە مەندەك ئاجىزۇ مەھزۇن گەدا، پەرۋاسى يوق،
بىر قولىدا جامى مەي، بىر ئىلكىدە سىپتارى بار.❶

— مەھزۇن.

## ۋەزنى ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⏑— ——⏑— ——⏑— ——⏑—

## ئەنگىچى ئاھاڭ

ئەرزىمىنى ئايتاي بادى سەباغە،
بىزدىن دۇئالار ئول دىلرەباغە.

كۆزلەرى چولپان، سەرۋى خىرامان،
زۇلفى پەرىشان، قاشى قاراغە.

---

❶ «دىۋانى مەھزۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 32-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچدى كۆزۈمدىن ئول پەرى يەڭلىغ،
تاشلادى كەتتى تۇرلۇك بەلاغە.

دەردى فىراقىڭ ئەيلەدى بىمار،
قايدا بارايىن ئەمدى دەۋاغە.

ھەجرىڭدە تىنماي قىلدىم فىغانلار،
يەتتى بۇ نالەم ئەرزۇ سەماغە.

قىلغىل تەرەھھۇم، ئەي يارى جانىم،
لايىق ئەمەسمەن جەبرۇ جەفاغە.

يول بەرمەدىلەر مەنگە رەقىبلەر،
چىقدىم باش ئالىپ ئول كەربەلاغە.

دەردۇ غەم ئىچرە سارغايدى يۈزۈم،
تاپشۇردۇم ئاخىر قادىر خۇداغە.

دىلخەستە مەشرەب قىلماسمۇ فەرياد،
جەللاد كۆزلەر ئالسە ئاراغە.[1]

— مەشرەب.

[1] «شاھ مەشرەب»، قول يازما نۇسخا.



中央民族大学图书馆

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسلەم

فەئلۇن فەئۇلۇن فەئلۇن فەئۇلۇن

— —∨ — — — —∨ — —

## ئۇچىنچى ئاھاڭ

نەرگىسىڭ جادۇسىدىن ھەر دەم يۈرەك قاندۇر ماڭا،
سۇنبۇلۇڭ سەۋداسىدىن خاتىر پەرىشاندۇر ماڭا،

ئىشقىدىن بىر زىندەگانلىغ ئاڭلادىم، دىشۋار ئىمىش،
ئەمدى بىر سائەت جۇدا بولماق نە ئىمكاندۇر ماڭا.

نالە قىلسام ئېردى رەھمى قىلغاي ئېردىڭ، ۋەھ، قانى،
كىم فىراقىڭ زەئفىدىن بىر چىقماغان جاندۇر ماڭا.

نى قىلاي گۇلشەن تەماشاسىنى، ئەي گۇلچېھرە كىم،
باغى رىزۋان ئولسە سەنسىز، بەيتۇل-ئەھزاندۇر ماڭا.

ئەبر ئەمەس ھەر دەم دۇر ئەفشان، ئەي ئايازى، كويىدا،



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھالى زارىمنى كۆرۈپ ئەفلاك گىريانىدۇر ماڭا.❶

— ئايازى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىـلاتۇن فائىلۇن

ــــ ⌣ ــــ ــــ ــــ ⌣ ــــ ــــ ــــ ⌣ ــــ ــــ ــــ ⌣ ــــ

## تونيىچى ئاھاڭ

ئەي زۇھۇرى، ئافتابىڭدىن تۇشۇپ ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ھەر تەرەف جان ئەۋرۇلۇر تابدان ئارا.

ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئادەمنىكىم،
بۇ جىھەتدىندۇر زۇھۇرى كاملىك ئىنسان ئارا.

گەر تەجەللىيى جەمالىڭدىن چەمەندە بولماسا،
نېدۇر ئەفغان قىلماغى بۇلبۇلغە ھەم بوستان ئارا.

---

❶ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1996-يىل 2-سان.



中央民族大学图书馆

جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىبتىدالىغە تانۇق،
كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا بۇ راستدۇر، يالغان ئارا.

تا سىنىڭ سەۋدايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشغە،
يۈز تۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇ جان ئارا.

ئول بەلى ھۇكمدە بولدى جانىمە يۈز مىڭ بەلا،
دەردۇ غەم مەھزۇن كۆڭۈلگە، مىھرى ئىشقىڭ جان ئارا.

مەزھەرى، بولغىل قەنائەت كۇنجىدە، ۋەيرانە تۇت،
زاھىر ئولغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋەيران ئارا.❶

— مەزھەرى

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⏑— ——⏑— ——⏑— ——⏑—

❶ «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995–يىل نەشرى، 40–بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى ئاھاڭ

ئەي سەبا، بەرگىل خەبەر، ئۇل شەھسەۋارىم كەلدىمۇ؟
لۇتف ئېتىپ ھالىم سورارغە ھەمدىيارىم كەلدىمۇ؟

كەلسە يارىم ھەر زەمان غەمكىن كۆڭۈل تاپغاي ئارام،
خەستە كۆڭلۈم شاد ئېتىپ، ئۇل نەۋبەھارىم كەلدىمۇ؟

كەلسە ناگاھ بولغۇسى گويا ماڭا فەسلى بەھار،
ئاچىلىپ چۇن لالە ئەھمەر گۇلئۇزارىم كەلدىمۇ؟

فۇرقەتىدە ئۆرتەنىپ، جىسمىم زەئىف ئولدى، نېتەي،
بولغۇسىدۇر دەردىمە دەرمان، يارىم كەلدىمۇ؟

ۋاسىل ئولسام ھەر زەمان شىرىن لەبىدىن نۇش ئېتىپ،
كامى دىل ھاسىل ئېتىبان روزگارىم كەلدىمۇ؟

كەيف قىلدىكىم مېنى ئىشقۇ مۇھەببەت بادەسى،
تۇتىئى شىرىن زەبان، كۆزى خۇمارىم كەلدىمۇ؟

## كىچىك سەلقە چوشۇرگىسى

سىدق بىرلە جۇستىجۇ قىل يارنى، ئەي نەۋبەتى،



中央民族大学图书馆

قالمادى سەبرۇ تەھەممۇل، ئۇل نىگارىم كەلدىمۇ؟❶

— نەۋبەتى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⏑— ——⏑— ——⏑— ——⏑—



❶ «دىۋانى نەۋبەتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 76-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# پەشرەۋ

بولدى يۈزۈڭدىن ئالەم مۇنەۋۋەر،
قانى سېنىڭدەك رۇھى مۇسەۋۋەر.

سەۋدى بۇ جانىم كۆز بىرلە ئاغزىڭ،
ئاندىغكى تۇتى بادامۇ شەككەر.

زۇلفۇڭ بىلە يۈز كېچەۋۇ كۈندۈز،
لەئلىڭ بىلە سۆز قەندى مۇكەررەر.

مەن تەشنەلەرگە لەئلىڭ شەرابىن
بەرگىل، سورايىم چۇن ئابى كەۋسەر.

گەر شانە قىلساڭ زۇلفۇڭ خەيالىن،
مۇشك ئىلە بولغاي ئالەم مۇئەتتەر.

ئاتساڭ كەبۇتەر تەننە ئوقنى،
ئاتقاي مۇئەللەق ئول دەم كەبۇتەر.



中央民族大学图书馆

## پشرەۋ چۇشۇرسى

نې تۇرفە ھافىز كويــسە ھەمشە،
ئوت ئېرۇر ئاھى، سىينە چۇ مىژمەر.❶

— ھافىز خارەزمى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى ئەسلەم

فەئلۇن فەئۇلۇن فەئلۇن فەئۇلۇن

— —⏑ — — — —⏑ — —



❶ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1988–يىل 2–سان، 145–بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەگمەد

شەھسەۋارىم ھەر قاچان جەۋلان قىلۇر،
مەھۋ ئولۇپ بىلمەن ئۆزۈمنى، ھەق بىلۇر.

ئاگا ھەر كۆزكىم تۆشەر، كىرفىكلەرى
خەستە كۆڭلۈمگە تىكەندەك سانچىلۇر.

ئاچىلۇر كۆڭلۈم سەمەندى سەيرىدىن،
غۇنچە يەڭلىغكىم سەبادىن ئاچىلۇر.

ئايرىلۇر گويا قۇياشدىن بىر شىھاب،
ئاتى نەئلىدىن ھەر ئوتكىم ئايرىلۇر.

ئاھ تارتاردا مەگەر جان پىچ ئۇرار،
ئوق ئاتاردا ھەر قاچانكىم قايرىلۇر.

تەۋسەنى گەردۇننى مەركەب قىلمەكىم،
يەر بىلە راكىبنى ئاخىر تەڭ قىلۇر.



中央民族大学图书馆

تېز ئېيتەر تىغىڭ نەۋائى ئىشقىنى،
گەرچە ئوت ئۆچەر، ئەگەر سۇ ساچىلۇر.[1]

— نەۋائى.

## ۋەزىن ياپرىقىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن



[1] بىرىنچى دىۋان — «غەرايىبۇس-سىغەر»، قول يازما نۇسخا، 115-بەت.



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com

# داستان

## بىرىنچى داستان

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

ھۆر بىرلە جەننەتۇل-مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل-مەئۋاسى بار.

لەئلىدىن خەتتى بۇدۇر ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان،
خۇش نىشانىدۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى بار.

بىر سۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھەيات،
لەئلى جانبەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.



中央民族大学图书馆

يۈزى ئۆزره كاكۇلۇ زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئەي سەئىد، ئاشۇفته كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.❶

— سەئىدى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⌣— —— ⌣— —— ⌣— —— ⌣—

## ئىككىنچى داستان

ئەي سىنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان.

ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنەم، ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەكىم،

❶ «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 8-بەت.



中央民族大学图书馆

يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان.

ئەل ئاراسىدا نېچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم،
بۇ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلەدى سىررى نەھان.

گەر خەيالىڭ بولسە مېھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى،
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەر دەم كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان.

دېدىم: «ئەي جان، دەردىمە ۋەسلىڭ بىلە بىر چارە قىل»،
كۈلۈپ ئايتۇر: «ئەي ھۇسەينى، تۇتما مەندىن بۇ گۇمان».❶

— ھۇسەينى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—⏑— ——⏑— ——⏑— ——⏑—



❶ «بۇلاق» ژورنىلى، 1989-يىل 2-سان، 71-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى داستان

نازلىق دىلبەر، بىر سۆزۈم بار ئايتايىن،
چەرخى فەلەك، كۆر، نە جەفا ئەيلەدى.
بىرەۋگە كىيگۈزۈپ تاجى خۇسرەۋىن،
بىرەۋنى ئەل ئىچرە گەدا ئەيلەدى.

فەرھادـشىرىن بىلە ۋامىقۇ ئۇزرا،
ئۇلارنىڭ باشىدا مىڭ تۈرلى سەۋدا.
بارچەنى ئۆلتۈرگەن ۋەفاسىز دۇنيا،
ئاخىرى بارچەنى فەنا ئەيلەدى.

ھەزرەتى داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلەيمان،
بىلقىسنىڭ ھەجرىندە يىغلادى چەندان.
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن دىيدەسى گىريان،
يۇسۇفى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى.

لەيلىـمەجنۇن دەرلەر، ئالەمگە ئۇستاد،
جەھاننىڭ غەمىدىن بولمادى ئازاد.
نازلىق دىلبەر، ئىشىت، بۇ چەرخى ناشاد،



中央民族大学图书馆

بۇ غەرىب جانىمغە جەفا ئەيلەدى.❶

— «سەنەۋبەر» داستانىدىن.

# تۆتىنچى داستان

ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى جانان گۈلشەنىدە جان بىلە،
نەچچە ئاختارسام كىتىپتۇر بۇ كۆڭۈل جانان بىلە.

ئاھ، نەيلەي، جان بىلە قالدى بەدەن، كەتتى كۆڭۈل،
كىم قالىپدۇر بۇ جەھاندا مەن كەبى ئەرمان بىلە.

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپدۇر زەخمناك،
كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۇپمەن قان بىلە.

ئىشق ۋادىسىدا پۇيە ئەيلەدىم چۇن گەردى باد،
رەشكىدىن ھەردەم ئۆچەشتىم چەرخى سەرگەردان بىلە.

---

❶ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1991-يىل 1-سان، 108-بەت.



中央民族大学图书馆

تىبرى بارانى مەلامەتكە هەدەف بولدى باشىم،
باشنى باشقارماق بەسى مۇشكىلكى بۇ باران بىلە.

غەرق ئىتپىدۇر پەيكەرىمنى، ئاهكىم، گىردابى غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ تۇفان بىلە.

زۇلفى قۇللابىغە بۇ جانۇ كۆڭۇل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر هەر دەم نەۋا ئەفغان بىلە.

زار مەجنۇنغە ۋىسالى بولسە مۇمكىن، نە ئەجەب،
مەرهەبا قىلسا نىگارى لۇتف ئىلە، ئىهسان بىلە.❶

— نىزارى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەهرى رەمەلى مۇسەممەنى مەهزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ—

❶ «نىزارى لىرىكىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 3-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى داستان

مۇغەننى، چەك مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە،
ساچىپ ئەربابى مەئنى لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە.

سېنى ياد ئەيلەبان مۇڭلۇغ كۆڭۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر،
كى سەن ھەم ياد ئېتىپ تۈز چەببەيادىڭ، بولمە بىگانە.

چىقىپ قايتا نەفەس چىقماققە بائىس بىلمەسەڭ نېدۇر،
تەرەننۇم قىل سىگاھ ئاھەڭگى بىرلە نەغمە رىندانە.

كۆڭۈل چۇن مۇزتەرىبدۇر، تۆرت مەزھەبدىن نېدۇر مەقسەد،
ئىشتىكىل چارىگاھنى فەھم قىلغىل سىررى مەيخانە.

كۆڭۈل مۈلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۇن مەقام ئەتتى،
ئاچىپ يۈز پەنجىگاھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى فەرزانە.

ئېرۇر ئىشق ئەھلى كۆپ مەھزۇن باقىپ پەرگارى لەئلىڭغە،
چېكىپ ئۇششاق ناخۇن بىرلە قىلغىل راست دىۋانە.



中央民族大学图书馆

زٮلەيخايى جۇنۇن لەشكەر چېكٮپ ئەيلەر سەياسەت كۆپ،
بايات ئاھەڭگٮدٮن تاشلارمۇسەن كۆڭلۈمنى زٮندانە.

بۇ بەزم ئەھلٮگە غەفلەت لەشكەرى يەغما تەرەننۇمدۇر،
كٮبرەك نٮشئاۋەرەك تٮغى بٮلە جەۋلانى مەردانە.

تەكەللۇم ئٮستەبان شٮرٮن لەبٮڭدٮن بٮنەۋا بولغاچ،
كۆيەرمٮز بٮر نەۋا ئۇممٮدٮدە بٮز جەمئى پەرۋانە.

دېسۇن كۆڭلۈم مەقامى ئەجز ئارا ئۆز ھالٮنى، ناقٮس،
ئەجەم بٮرلە ئٮراق ئەھلى بۇ سٮرنى بٮلمەسۇن يانە.❶

— ناقٮسى.

## ۋەزٮن ئايرٮمٮسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالٮم

مەفائٮيلۇن مەفائٮيلۇن مەفائٮيلۇن مەفائٮيلۇن

— — — ◡ — — — ◡ — — — ◡ — — — ◡

❶ «دٮۋانى ناقٮس» ، شٮنجاڭ خەلق نەشرٮياتى 1995 –يٮل نەشرى، 136 –بەت.



中央民族大学图书馆

# مەشرەب

## بەنچى مەشرەب

گوياكى كۆكۆل سەرھەدى باغى ئەلەممدۇر.
ئاشقمەنۇ دۇنيانى سۇ ئالسە نە غەممدۇر.

بەرقىكى فەلەككە چىكەدۇر شۇئلەئى ئاھىم،
پەردايى قىيامەتدە نشانى ئەلەممدۇر.

يول باشلاغۇچى، كەئبە تەۋافىغە نە ھاجەت،
ھەر خارۇ خەسى دەشتى سەۋادى ھەرەممدۇر.

زىرۇ زەبەرى خالۇ خەتىڭ بىرلە مۇزەييەن،
رۇخسارۇ قاشىڭ سۇرەتى لەۋھى قەلەممدۇر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۇننارنى بوينۇمغە سالىپ قىلدى بەرەھمەن،
ئەي تەلبە زەلىلى، نە ئەجايىب سەنەممدۇر.❶

— زەلىلى.

## ۋەزن ئايرىمىسى

بەھرى مۇجتەسسى مۇسەممەنى ئەخرەب مەكفۇفى مەھزۇف

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

— — ⏑ ⏑ — — ⏑ ⏑ — — ⏑ ⏑ — —

* *

ساڭا يۈز شۈكرى، يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر، مىسكىنغە ئول ئەبدۇررەشىد خاننى پەناھ قىلدىڭ.

نەفسى، كىچە-كۈندۈز شۈكرى قىل تەڭرى تەقەددۇسغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا، قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.❷

— نەفسى.

---

❶ «دىۋانى زەلىلى»، ش ئۇ ئا ر مۇزېيى 05-نومۇرلۇق قول يازما، 88-بەت.
❷ «تارىخى مۇسنقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى، 41-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم

مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن مەفائىيلۇن

———◡ ———◡ ———◡ ———◡

* *

ھەق يولىدا جان چېكىپ بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم،
تەۋبە سۈيىدىن تەنىمنى شۇستىشۇيى قىلمادىم.

ۋەھ، نەچۈك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىمكىم مېنىڭ،
چۈنكى خۇنابى جىگەر بىرلە ۋۇزۇيى قىلمادىم.

ئۆتدى ئۇمرۇم دۇنيەنىڭ مەسلىھەتىدىن، ۋادەرىغ!
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تار مۇيى قىلمادىم.

كېچەلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم.

ئەي رەشىدى، سەن ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،



中央民族大学图书馆

ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر هايى-هۇيى قىلمادىم.[1]

—— رەشدى.

## ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

—ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ— ——ᵕ—



[1] «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل نەشرى، 13-بەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەلگىنچى مەشرەب

يانە ياز بولدىيۇ تاپتى بوستان نەشئۇ نەما،
ئەي نەسىمى رۇھپەرۋەر، خەيرى مەقدەم، مەرھەبا.

ئەمدى خۇشتۇر ماھپەيكەرلەر بىلە گۇلگەشتكىم،
باغى رىزۋانتەك چەمەن بولدى لەتىفۇ جانفىزا.

ئۇشمۇنىڭتەك فەسلدە مەن ۋەسلى دىلبەردىن يىراق،
ئەسرۇ زۇلم ئولغاي، ئىلاھىي، تۇتماسۇن تەگرى رەۋا.

گەرچى بار ئىردى بۇرۇن ئەندەك غۇبارى خاتىرىم،
شۇكر لىللاھكىم، مۇيەسسەر بولدى ئەنۋائى سەفا.

خاھ ئۆلتۈر، خاھ تىرگۈز، ئىختىيار ئىلكىڭدەدۇر،
ئول سىنىڭ نازۇ ئىتابىڭغە مىنىڭ جانىم فىدا.❶

**— گەدائى.**

❶ «ھەيات ۋەسفى»، 1988–يىل، تاشكەنت نەشرى، 471–بەت.



中央民族大学图书馆

# ۋەزىن ئايرىمىسى

بەھرى رەمەلى مۇسەممەنى مەھزۇف

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

— ᵕ — —   — — ᵕ —   — — ᵕ —   — — ᵕ —



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# يەشمىلەر



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە

## چوڭ نەغمە


**مۇقەددىمە**

بىزنى كىشىلەر ...................... **مەشھۇرى** (57)

**تەئەززە**

مەيپۇرۇش تاڭ پەيتىدە ......... **ھافىز شىرازى** (59)

**بىرىنچى نۇسخە**

ئەي گۆزەللەر شاھى ................. **نەۋبەتى** (60)

**ئىككىنچى نۇسخە**

گۈل ھالرەڭ يۈزۈڭنى كۆرۈپ ......... **مەھزۇن** (61)

**مۇستەھزاد**

باغدا جامالىڭنى كۆرۈپ .............. **نەۋائى** (62)

**جۇلا**

جانانىڭ سۈرىتى ....................... **زىيائى** (63)

**چوڭ سەلىقە**

ئەي جانان، ......................... **مەشرەب** (65)

**كىچىك سەلىقە (بىرىنچى ئاھاڭ)**

يولدا شۇنداق بىر گۈزەلنى .......... **مەھزۇن** (66)

**ئىككىنچى ئاھاڭ**

ئەي تاڭ شاملى .................. **مەشرەب** (67)





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى ئاھاڭ
جادۇ كۆز تۈپەيلىدىن ........................ ئايازى (68)
تۆتىنچى ئاھاڭ
ئەي، جامالىڭ ........................ مەزھەرى (69)
بەشىنچى ئاھاڭ
ئەي تاڭ شامىلى ........................ نەۋبەتى (70)
پىشرەۋ
يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن ........................ ھافىز خارەزمى (71)
تەئكىد
چەۋەندازلارنىڭ شاھى ........................ نەۋائى (72)

## داستان

بىرىنچى داستان
قابىسى گۈلشەننىڭ ........................ سەئىدى (73)
ئىككىنچى داستان
ئەي سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭ ........................ ھۆسەينى (74)
تۆتىنچى داستان
كۆڭلۈمنى جانانىڭ گۈلشىنىدىن ...... نىزارى (75)
بەشىنچى داستان
ئەي سازەندە ........................ ناقىس (76)

## مەشرەب

بىرىنچى مەشرەب
دىلىم گوياكى ........................ زەلىلى (78)



中央民族大学图书馆

ئەي تەڭرىم، ........................ نەفسى (79)
هەق يولىدا ........................ رەشدى (79)

## ئىككىنچى مەشرەب

يەنە ياز كەلدى ........................ گەدائى (80)





中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com



中央民族大学图书馆

# چوڭ نەغمە

## مۇقەددىمە

بىزنى كىشلەر يانتاق تىكەنلىرىدىن ئاياغى يارىلانغان جۇنۇن چۆلىدىكى بىر توپ ئاۋارىلەر، دەيدۇ.

ئايلانغۇچى پەلەكتىن بېشىغا توختالغۇسىز بالا ياغسىمۇ، قازاغا رازىلىق بەرگەن بىچارە ئاشىقلار، دەيدۇ،

مەيخانا ئىشىكى ئالدىدا ياقىلىرىمىز يىرتىلغان هالدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى مەيپۇرۇشنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ياقىسى يىرتۇقلار، دەپ ئويلايدۇ.

ئېشىلگەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بەختى قارالار، دەيدۇ.

بىز بىچارىلەرنىڭ هال-كۈنىمىزنى سورىما، بىزنى پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىدىن دىشۋارچىلىقتا قالغانلار، دەپ بىل.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېرىق يۈزلۈك سامان يۈزۈمگە باققىنىدا، مېنى گۈلىيۈز-لۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى سارغايغانلار، دەيدۇ.

قاچانكى ئاقىۋۇرۇت موللامنىڭ قېشىغا بارساق، بىزنى قارا-قاشلار ئۈچۈن ئىشكمۇ-ئىشىك يۈرگەن ئاۋارىلەر، دەيدۇ.

زەخىملىك ئەزايىمىزنى كۆرگەن تاماشىچىلار، بىزنى پەرد-لەر كوچىسىدا تاشبوران بولغان بىچارىلەر، دەيدۇ.

نېمەت ئىگىلىرى ئەگەر دەرۋىشلەرگە خەير-ساخاۋەت قىل-مىسا، ئۇلارنىڭ گۆھەردىن پۈتكەن خامانلىرىنى تاش دۆۋىسى دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ.

بېشىمىزدىكى كەپىنى، قولىمىزدىكى قەدەھنى كۆرگەنلەر بىزنى يۈز جاھاننىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان مەيخورلار، دەيدۇ.

مەشھۇرى شۇنداق قەۋمدىنكى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرگەنلەر بۇ زامانە تاشلىرىدىن باغرى پارە-پارە بولغانلار، دەيدۇ.

**— مەشھۇرى.**





中央民族大学图书馆

# غەزەل

مەيپۇرۇش تاڭ پەيتىدە مەيخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىدىشتىن تۆكۈلگەن مەينىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەستانىلەرگە جان كىردى.

مەن يىراقتىن كېچىكىپرەك كەلدىم، ئەي ساقى، تۇر، قەدەھكە مەينى تولدۇرۇپ قۇي.

ئەي ئاقىل، مەندەك سەۋدايىغا كۆپ نەسىھەت قىلما، مەن لەيلى ئىشقىدا ئۆرتەنگەن بۇ ئالەمدىكى مەجنۇننىڭ ئۆزى بولدۇم،

ئاشىق، مەشۇق جامالىنىڭ شېمى ئەتراپىدا ئايلىنىپ، پەرۋانىگە ئىشق ئوتىدا كۆيمەكنى ئۆگەتتى.

دىل كىرىنى تەقۋادارلىق يېلى بىلەن پاكلا، جانانغا پاكلىق ئەينىكى بىلەن قارا.

ئەگەر جان قۇشى بۇ دۇنيا دانلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى ھەۋەس قىلمىغان بولسا، ئەزەل سەييادى ئۇنىڭغا دەشنام بەرمىگەن بولاتتى.

ئەي ھافىز، بۇ كېچە مەيخانا ئىشىكى ئېچىلىشتىن بۇرۇنراق ئۆزۈڭنىڭ ساختا تەقۋادارلىقىڭغا توۋا قىل.

— **ھافىز شىرازى** (زىلەيخا بېگىم تەرجىمىسى).



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى نۇسخە

ئەي گۈزەللەر شاھى بولغان دىلبىرىم، مەن ئۆلگىچە سىڭنىڭ قۇلۇڭ بولاي، تىرىكلا بولسام تېنىم ۋە جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن.

ئەي گۈزىلىم، سەن قاراڭغۇ كېچەمنى يورۇتقۇچى شامسەن، مەن ئىشقىڭدا كۆيۈۋاتقان پانۇسمەن، ھېچ بولمىسا جامالىڭنىڭ سايىسىنى بولسىمۇ كۆرسەمچۇ.

ئەي نازىنىن، ھەسرىتىڭدە چىرايىم زەپىرانىدەك سارغايدى، مەن يېتىم بىچارىگە رەھىم قىلغىن.

ئەي جانانىم، ئاشىق بىچارىنى مۇنچىۋالا كۆيدۈرگىنىڭ نېمىسى؟ مېنىڭ بۇ ھال-ئەھۋالىمنى ساڭا كىممۇ يەتكۈزەر؟

ئەي دىلبەر، سەندىن بىردەم ئايرىلىشىمۇ ماڭا بەسى مۈشكۈل،تاكى قىيامەتكىچە يىغلىسام مېنىڭ نالە-پىغانلىرىم ساڭا يېتەرمىكىن.

ئەي زاھىد، باغۇ بوستانلار ساڭا بولسۇن، ماڭا يارنىڭ كوچىسىدا كېچە-كۈندۈز مەي ئىچكىنىم يېتەرلىك، مېنى توسما.

ئەي تەڭرىم، نەۋبەتى يار جامالىنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا رەھىم قىل، ئىمانىم دەرگاھىڭدا قوبۇل بولسۇن.

— نەۋبەتى.



中央民族大学图书馆

# ئىككىنچى نۇسخە

گۈل ھال رەڭ يۈزۈڭنى كۆرۈپ ياقىسىنى يىرتتى، تاغ سەرۋىسى نازۇك بويۇڭنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى.

كۆكتىكى شەپەق ئەمەس، يېڭى چىققان ئاي سىنىڭ ئىپارھىدلىق ئەگىم قاشلىرىڭنى كۆرگەچكە قامىتىنى ئېگىپ قان يىغلىماقتا.

كۆڭلۈم قۇشى لېۋىڭ ئۈستىدىكى دان كەبى خالىڭنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كەلدى-دە، چېچىڭنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالدى.

ياقۇتتەك لەۋلىرىڭ ئىچىدىكى لەززەتلىك سۆنى كۆرۈش بىلەنلا (ھاياتلىق بەخش ئەتكۈچى) ئىيسامۇ، خىزىر سۇيىمۇ خىجىل بولۇپ يوشۇرۇندى.

سىنى كۆرمىسەم جېنىم تېنىمدە بىر نەپەسمۇ تۇرمىسۇن، سىنى كۆرۈپ ئۆلگىنىم مېنىڭ خىزىر ئۆمرىنى كۆرگىنىمدۇر.

ئەي ئاي يۈزلۈكۈم، ئەگەر جەننەت بېغىدا سەن بولمىساڭ، ۋىسالىڭغا يېتىش ئۈچۈن جەننەتتىن كەچسەم ئەجەب ئەمەس.

ئەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ كوچىسىدا نەچچە يىلدىن بېرى ناتىۋان بولۇپ ياتىسەڭ، بۇ زەئىپ ھالىمنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىمامدىكىنە.

ئەي پېقىر، چۇۋۇلغان ئەسكى كىيىمىڭنى كۆرۈپ شۈكۈر



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىل، بۇ دۇنيا ئەھلىنىڭ ئىپەك تونىنى ئارزۇلاپ كەتمە.
ئەي مەھزۇن، مەي ئىزلىسەڭ، كۆڭلۈڭنى سۇندۇرۇپ
قەلەندەر بول، مەيخانىچى سىنىڭ سىنغان ساپال قاچاڭنى كۆ-
رۇپ ئاندىن مەي بىرىدۇ.

— مەھزۇن.

## مۇستەھزاد

باغدا جامالىڭنى كۆرۈپ گۈل ھەيران قالدى، پەرىشانلىقى-
دىن ئۇنىڭ بەرگلىرى تۆكۈلدى.
گۈل، مەينىڭ تەسىرىدىن گۈلدەك قىزارغان يۈزنى كۆ-
رۈپ، ئۇنىڭ پىراقىدا تىلىنغان يۈرەكتەك، قاتمۇ-قات قانغا
ئايلاندى.
خۇددى قىزىلگۈل چىمەنلىكنىڭ سۇلتانى بولغىنىدەك،
گۈل يۈزلۈكۈم گۈزەللىك مەملىكىتىگە پادىشاھ بولدى.
باغنى سەيلە قىلغاندا، دەۋرنىڭ كۆزى تېگىپ قالمىسۇن
دەپ، گۈللەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ قالقان بولدى.
ئۇ گۈزەل گۈلدەك ئېچىلىپ قېشىمغا كەلسە، ياقۇت لېۋى-
دىن بەھرىمەن بولىمەن.



中央民族大学图书馆

گۈللەر ئېچىلىپ، بەزمە ئۇيۇشتۇرۇلغاندا، كۆڭلۈم مەيىنى
خالايدۇ.
ئەي بۇلبۇل، بەس قىل، كېچە-كۈندۈزلەپ سايراۋەرمە،
بۇ گۈلشەندىكى گۈللەر، ساڭا بەش كۈنلۈك مېھماندۇر.
گۈل پەسلىدە، يارى سەپەرگە كەتتى-دە، جۇدالىق نەۋائى-
نىڭ جېنىغا يېگىدىن گۈلدەك قانلىق داغلارنى سالدى.

— نەۋائى.

# جۇلا

جانانىڭ سۈرىتى ۋۇجۇدۇمغا نەقىشلەندى، بەلكى ئۇ
جىسمىمغا جان بولدى.
ئۇ گۈزەل پەرىمىدۇ؟ مەن جېنىمنى ئۇنىڭغا نىسار قىلىۋەت-
تىم. ئەي دوستلار، ئەمدى مېنىڭ ئىنسانلىق سىياقىم قالمىدى.
ئىزدەپ سوراپ، جاھاننى كېزىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ
سۈرىتى مەن بىچارىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلىۋەتتى.
ھالقا-ھالقا بولۇپ يېيىلغان چېچىنىڭ سۈرىتى جېنىمنى
ئوتقا چۈشكەن قىلدەك پۈچىلىۋەتتى.
قىزىلگۈلنىڭ كامالچىسىغا ئوخشايدىغان ئۇ گۈزەل قىياغىنا



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر باققانىدى، ھىجران خەنجىرى ھۇجۇم قىلىپ، باغرىمنى تىلدى.

ئۇنىڭ سۈرىتى قاراڭغۇ دىلىمنى نۇرلۇق قۇياشتەك يورۇتسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇنىڭ خىيالى مېنى مەجنۇندەك تەلۋىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلقتىن ئايرىۋەتتى.

مەن تەلۋىگە جامالىنى بىر كۆرسەتسە(شۇندىلا) ئۇ پەرى ماڭا رەھىم-شەپقەت قىلغان بولىدۇ.

ئاخىرقى ئۆمرۈمگىچە تىرىشسام ۋەسلىگە يېتىش مۇمكىنمىكىن، ئۇنىڭ سۈرىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش ئاسان، لېكىن ئۆزىنى تېپىش ناھايىتى مۈشكۈل.

باھار بۇلۇتىدىن قويۇلغاندەك كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن تارام-تارام ياش تامچىلىرى ئانارنىڭ دانىلىرىغا ئوخشايدۇ.

ئەي مەسئۇد، قانچە قاخشاپ يىغلىغىنىڭ بىلەن[ يېنىڭدا ] ئۆلپىتىڭ يوق. بۇ ساقايماس دەردىڭنى داۋالاشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق.

— زىبائى.



中央民族大学图书馆

# چوڭ سەلقە

ئەي جانان، جامالىڭنى كۆرۈپ، شىكەر لېۋىڭگە سۆيگىلى كەلدىم.

ئەي گۈزەللەرنىڭ خوجىسى، ساڭا قۇل بولۇپ، ئىشىكىڭـ ـدە تۇرغىلى كەلدىم.

ئاشىقلار ئىچىدە ئەڭ يوقىرى باھانى ئالغىلى كەلدىم.

مەشرەبكە دەۋرنىڭ بىر قەدەھ شارابى نېسىپ بولارمىكىن دەپ، بۇ بەش كۈنلۈك جاھانغا كەلدىم.

— مەشرەب.





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىچىك سەلقە

## بىرىنچى ئاھاڭ

يولدا شۇنداق بىر گۈزەلنى كۆردۈمكى، ئۇ بېشىغا گۈل رەڭلىك قالپاق كىيگەن، بويىنىغا زۇننار ئاسقان ھالدا چىرايلىق مېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ غەزەپتىن قىزىل چەكمەن كىيىپ، بېنىغا قىلىچ ئاسقى- نىغا قارىغاندا قەتلى ئام قىلغىلى چىققان ئوخشايدۇ.

ۋاي،ۋاي، ئۇ قاتىلنىڭ ئوتلۇق مەڭزى ۋۇجۇدۇم خامىنىنى دائىم ئۆرتەپ كۈل قىلىدۇ.

ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى شوخلۇق قىلىپ جاننى ئالسا، نېمە غەم، جان بېرىدىغانغا شېكەر تۆكۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرى بارغۇ.

ئايىغىغا سۆيەي، كۆزۈمنى سۈرتەي دېسەم، سۇنۇپمۇ بەر- مىدى، ئۇ رەھىمسىز كافىر ناز قىلىپ مېنى: «نېرى بار! » دېدى.

ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ قېچىڭلار، ئۇ نازىنىن دىنىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بۈگۈن جازا يۈرۈشى قىلدى.



中央民族大学图书馆

مەندەك بىچارە مەھزۇننىڭ ئۆلۈشىگە پەرۋا قىلماي، بىر قولىغا مەي جامىنى، يەنە بىر قولىغا ساتارىنى ئالدى.

— مەھزۇن.

## ئەلچىگى ئاھاڭ

ئەي تاڭ شامىلى، ساڭا ئەرزىمنى ئېيتاي، مەندىن ئۇ دىلرەباغا سالام دېگىن.

ئۇ كۆزلىرى چولپان، بويى سەرۋى، چاچلىرى بوستان، قارا قاش يارغا دۇئايىمنى يەتكۈز.

ئۇ كۆزۈمدىن پەردەك ئۆچتى، مېنى تۇرلۇك بالاغا تاشلا-پ قويۇپ كەتتى.

پىراقىڭنىڭ دەردى مېنى كېسەل قىلىپ قويدى، بۇنىڭغا داۋا ئىزدەپ نەگىمۇ بارىمەن؟

ھىجران ئازابىدا تىنماي نالە قىلدىم، مېنىڭ ئەفغانلىرىم پۈتكۈل ئالەمنى قاپلىدى.

ئەي جېنىمنىڭ جانانى، ماڭا رەھىم قىلغىن، مۇنچىۋالا جەبىر جاپا سېلىشقا تېگىشلىك ئەمەسمەن.

رەقىبلەر ساڭا يېتىشكە يول بەرمىدى، شۇڭا ئەلدىن باش ئېلىپ كەربالا چۆلىگە چىقىپ كەتتىم.

دەرد ۋە غەم تۈپەيلىدىن چىرايىم سارغايدى، بۇنىڭ ھەمە-مىسىنى قۇدرەتلىك خۇداغا تاپشۇردۇم.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاللاد كۆزلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالسا، بىچارە مەشرەب
پەرياد قىلماي قالامتى؟

— مەشرەب

## ئۇچىنچى باھاش

جادۇ كۆزلىرىڭ تۈپەيلىدىن دائىم يۈرىكىم قان، سۇمبۇل
چاچلىرىڭدىن ھەمىشە كۆڭلۈم پەرىشاندۇر.
ئۇنىڭ ئىشقى تۈپەيلىدىن ھاياتىمنىڭ مۈشكۈل ئەھۋالغا
چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدىم، ئەمدى ئۇنىڭدىن بىر سائەت
ئايرىلىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟
نالە قىلالىغان بولسامۇ رەھىم قىلار ئىدىڭ، ۋاھ، قىنى
شۇ نالە، پىراقىڭدا شۇ قەدەر زەئىپلىشىپ كەتتىمكى، تېنىمدە
چىقمىغان بىرلا جان قالدى.
ئەي گۈل يۈزلۈك يار، گۈلشەننى تاماشا قىلىپ نىمە
قىلاي، سەنسىز جەننەت بىغىمۇ ماڭا غەم-غۇسسە ماكاندۇر.
ئەي ئايازى، دائىم ئۇنىچە تۆكۈۋاتقىنى بولۇت ئەمەس،
بەلكى مېنىڭ خارۇ زار ھالىتىمنى كۆرۈپ پەلەك يىغلاۋاتىدۇ.

— ئايازى.



中央民族大学图书馆

# تۇنجى ئاھاڭ

ئەي، جامالىڭ قۇياشىنىڭ شولىسى مەۋجۇتلۇق ئالەمگە چۈشتى، جان ئۈنىڭ نۇرلىرى ئەتراپىدا زەررىچىلەردەك چۆگىلەدى.

سەن ئادەمزاتقا ھەممە ئامانەتنى تاپشۇردۇڭ، شۇڭا ئىنسان سىنىڭ مۇكەممەل قىياپىتىڭ نامايان بولدى.

ئەگەر سىنىڭ جامالىڭ نۇرلىرى چىمەندە جىلۋە قىلمىسا، بۇلبۇل نېمشقا بوستاندا نالە-پىغان قىلىدۇ؟

پۈتكۈل شەيئىلەر سىنىڭ كېلىشكەن قامىتىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. كىمكى ھەقنى تونۇسا، ساختىلىق ئىچىدىكى بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلالايدۇ.

ھەربىر باشقا سىنىڭ چاچلىرىڭنىڭ سەۋداسى چۈشكەندىن بېرى پۈتكۈل جانلىقلار ۋە ئىنسانلار ئارىسىغا يۈز تۈمەن سۆرەن-چوقانلار چۈشتى.

بەللىرىڭ خىيالى جېنىمغا يۈزمىڭ بالا بولدى، غەمكىن كۆڭگۈلنىڭ نېسىۋىسى دەرد ۋە غېمىڭ بولدى، مېھرى مۇھەببىتىڭ جان ئىچىدە ئورۇن ئالدى.

ئەي مەزھەرى، خارابىلەردە ماكانلاش، قانائەت بۇرجەكلىرىدىن ئورۇن ئال، ۋەيرانە ئىچىدىن ساڭا خەزىنىلەر ئاشكارا بولغۇسى.

— مەزھەرى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى ئاھاڭ

ئەي تاڭ شاملى، خەۋەر بەرگىنە، مېنىڭ ئۇ چەۋەندازىم كەلدىمۇ، شەپقەت قىلىپ ھالىمنى سوراشقا يار-ھەمدەمىم كەلدىمۇ؟

ئۇ يارىم قاچانلا كەلسە غەمكىن كۆڭۈل ئارام تاپاتتى، خەستە كۆڭلۈمنى خوشال قىلىشقا شۇ باش باھارىم كەلدىمۇ؟

ئۇ قاچانلا كەلسە، گويا ماڭا باھار پەسلى يېتىپ كەلگەندەك بولىدۇ. گۈل يۈزلۈك يارىم قىزىل لالىدەك ئېچىلىپ كەلدىمۇ؟

قانداق قىلاي، ئۇنىڭ پۇرقىتىدە كۆيۈپ، جىسمىم زەئىپلەشتى. بۇ دەردىمگە دەرمان بولىدىغان يارىم كەلدىمۇ.

ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم، شېرىن لەۋلىرىدىن سۈمۈرسەم دەيمەن، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلىدىغان كۈنلىرىم كەلدىمۇ؟

ئىشق-مۇھەببەت شارابى مېنى مەست قىلدى، تۇتىدەك شېرىن سۆزلۈكۈم، كۆزلىرى خۇمارىم كەلدىمۇ؟

ئەي نەۋبەتى، يارنى چىن دىلىڭ بىلەن ئىزدە، سەۋر-تاقەت پۈتتى، ئۇ گۈزىلىم كەلدىمۇ؟

—— نەۋبەتى.



中央民族大学图书馆

# پېشرەۋ

يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن ئالەم يورىدى، كىشىنىڭ خىيالىدا دائىم سۈرەتلىنىپ تۇرىدىغان سىنىڭدەك يەنە بىرى تېپىلارمۇ!

شاتۇتى خۇددى بادام بىلەن شېكەرنى ياخشى كۆرگەندەك، مېنىڭ بۇ جېنىم كۆزۈڭ بىلەن ئاغزىڭنى سۆيىدۇ.

چېچىڭ كېچىگە، يۈزۈڭ كۈنگە ئوخشايدۇ. لېۋىڭ بىلەن سۆزۈڭ بەئەينى قەنتكە ئوخشايدۇ.

كەۋسەر سۈيىنى تەلەپ قىلغاندەك لېۋىڭ شارابىنى بېرىدىشىڭنى تىلەيمەن.

بۇدۇر چاچلىرىڭنى تارىغىنىڭدا دۇنيا ئىپار بىلەن ئەتىر پۇرىقىغا تولىدۇ.

[ئىشق]ئوقۇڭنى كەپتەرگە ئاتساڭ، كەپتەرمۇ شۇئان موللاق ئېتىپ چۈشىدۇ.

ئاجايىپكى، ھافىزنىڭ ئاھى ئوت، كۆكسى ئىسرىقدان، ئۇ دائىم يېنىپ تۇرىدۇ.

— ھافىز خازەزمى.



中央民族大学图书馆

## تەئكىد

چەۋەندازلارنىڭ شاھى ھەرقاچان جەۋلان قىلىپ چىققىنىد-
دا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويىمەن، قالغىنىنى ئاللا بىلىدۇ.

ئۇنىڭغا ھەر قېتىم كۆز تاشلىغىنىمدا، كىرپىكلىرى جارا-
ھەتلىك يۈرىكىمگە تىكەندەك سانچىلىدۇ.

تاڭ شامىلىدىن غۇنچە ئېچىلغاندەك، ئۇنىڭ سەيلىگە ئات
سىلىپ چىقىشىدىن كۆڭلۈم ئېچىلىدۇ.

ئېتىنىڭ تاقىسىدىن چىققان ئۇچقۇنلار گوياكى قۇياشتىن
ئايرىلغان ئوتقا ئوخشايدۇ.

ئۇ دائىم ئوق ئاتار ۋاقتىدا قايرىلغىنىدەك، ئاھ تارتقىنىمدا
جىنىم پۇچۇلىنىدۇ.

پەلەك ئېتىنى مىنىۋالغىنىڭ بىلەنمۇ، ئاخىر يەر بىلەن تەڭ
بولىسەن.

گەرچە سۇ چېچىلغاندا ئوت ئۆچسىمۇ، سىنىڭ تارتقان
تىغىڭ نەۋائىنىڭ ئىشقىنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

—— نەۋائى.



中央民族大学图书馆

# داستان

## بەشىنچى داستان

قايسى گۈلشەنىنىڭ يۈزۈڭدەك چىرايلىق گۈلى بار، قايسى گۈلنىڭ مېنىڭدەك ئاشىق بۇلبۇلى بار.

كۆڭلۈم ھۆر بىلەن جەننەت سارىيىنى نېمە قىلسۇن، يارنىڭ كوچىسىدا يۈزمىڭلىغان جەننەت قەسرى بار.

ياقۇت لەۋلىرى ئۈستىدىكى مېيىقلىرى ھاياتلىق نىشانىدۇر، ئۇ شۇنداق گۈزەل نىشانىدۇركى، ئۈستىگە ئىككى قاشلىرى بىلەن زىننەت بېرىلگەن.

ئۆلگەن جىسىمغا بىرلا شېرىن سۆز بىلەن ھاياتلىق بەردىڭ. سېنىڭ جان بەخش ئەتكۈچى ياقۇت لېۋىڭدە ئىيسانىڭ نەپەسلىرى بار.

ئەي سەئىد، ئۇنىڭ كوكۇلا چاچلىرىنى كۆرگەندىن بې-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رى، بۇ پەرىشان كۆڭلۈمگە ئاجايىپ سەۋدالار چۈشتى.

— سەئدى.

## ئەلكىنچى داستان

ئەي، سېنىڭ جادۇ كۆزۈڭ ئاخىر زامان پىتنىلىرىنىڭ
مەنبەسى، لەۋلىرىڭ جاراھەتلىك كۆڭلۈمنىڭ ھاياتلىق بۇلىقى.
جۇدالىقىڭ تۈپەيلىدىن ھەر نەپەستە چەككەن پەرياد-پە-
غانلىرىم كۆككە يەتتى، ئەي قۇياش يۈزلۈك گۈزىلىم، مېنىڭ
بۇ ھالىمنى كۆرۈپ رەھىم قىلغىن.
ئەل ئىچىدە سىرىمنى قانچە يوشۇرۇپ باققان بولساممۇ،
سارغايغان چىرايىم يوشۇرۇن سىرىمنى ئاشكارىلىۋەتتى.
ئەگەر خىيالىڭ كۆڭلۈم ئۆيىدە بىر دەم مېھمان بولسىلا
كۆزلىرىم ھەر نەپەستە يۈزلىرىمگە توختاۋسىز گۆھەر چاچىدۇ.
«ئەي جېنىم، بۇ دەردىمنى ۋىسالىڭ بىلەن بىر داۋالىساڭ-
چۇ» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ: «ئەي ھۇسەينى، مېنى ئۇنداق قىلىدۇ
دەپ گۇمان قىلما» دەيدۇ.

— ھۇسەينى.



中央民族大学图书馆

# تۆتىنچى داستان

كۆڭلۈمنى جانانىڭ گۈلشىنىدىن جان-جەھلىم بىلەن ئىزدىدىم، قانچە ئاختۇرسامۇ[تېپىلمىدى] ، بۇ كۆڭۈل جانان بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

ئاھ، قانداق قىلاي، جان بىلەن تەن قالدى. كۆڭۈل كەتتى، بۇ جاھاندا مەندەك ئارماندا قالغان كىم بار.

ھىجران خەنجىرى ۋۇجۇدۇمنى يارىدار قىلغاچقا، كۆزلىرىمدىن قانلىق ياشلىرىمنى ئېقىتىپ، قانىنى قان بىلەن يۇيۇۋاتىمەن.

ئىشق ۋادىسىدا قۇيۇندەك چۆرگىلەپ، كۈندەشلىكتىن بېشى ئايلانغان پەلەك بىلەن دائىم ئېلىشتىم.

بېشىم مالامەتنىڭ ئوق يامغۇرىغا نىشان بولدى، بۇ يامغۇردا باشنى باشقۇرۇش ناھايىتى قىيىن.

ئاھ، غەمنىڭ قايىنمى جىسمىمنى غەرق قىلدى، بۇ توپان ئىچىدە جاھاندا كىممۇ ساق قالار.

يۈرىكىم بىلەن جېنىم چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالغاچقا، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ، تەلۋە قۇشتەك تەلپۈنىدۇ.

مەندەك زار مەجنۇنغا يار ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالسا، يارىم، «خۇش كېلىپسەن» دەپ رەھىم-شەپقەت
بىلەن قارشى ئالسا ئەجەب ئەمەس.

— نىزارى.

## بەشىنچى داستان

ئەي سازەندە، بەزمىدە دانالار سۆزىدىن ئۇنچىلەرنى چې-
چىپ، «راك» مۇقامىنى زوق-شوق بىلەن ياڭرات.
سېنى ئەسلەپ مۇڭلۇق كۆڭۈللەر ناھايىتى غەمكىن بول-
دى، سەنمۇ ياد ئېتىشتىن خالىي بولما، سازىڭنى «چەببەياد»
مۇقامىغا تۈز.
نەپەس ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇنى بىلمىسەڭ، «سە-
گاھ» ئاھاڭى بىلەن نەغمە قىلىپ، ھۇزۇر ۋە پاراغەت بىلەن
كۈيلە.
تۆت مەزھەبتىن مەقسەت نېمە؟ دەپ كۆڭۈل تەقەززا
بولغاندا «چاھارگاھ» مۇقامىنى ئاڭلاپ، مەيخانا سىرلىرىنى چۈ-
شەنگىن.
كۆڭۈل مەملىكىتىدە ئىشقىڭ خاقانى ئورۇنلاشتى، يۈزۈڭ-
نى ئېچىپ، «پەنجىگاھ» ناغرىسىنى دانالارچە چالغىن.



中央民族大学图书馆

ئاشىقلار چىرايلىق لېۋىڭنى كۆرۈپ قايغۇغا چۆكتى. ناخۇنۇك بىلەن «ئۇششاق» مۇقامىنى چېكىپ، ئۇلارنى راسا سەۋدايى قىلىۋەت.

جۇنۇن زىلەيخاسى لەشكەر تارتىپ، ماڭا كۆپ غەزەپلەندى، سەن «بايات» مۇقامىنىڭ مۇڭ-زارى بىلەن كۆڭلۈمنى زىندانغا تاشلىماقچىمۇ.

بۇ بەزمىدىكىلەرگە غەپلەت لەشكىرى ھۇجۇم قىلسا، «نىشائاۋەرەك» تىغىنى كۆتىرىپ، مەردانە جەۋلان قىلىش كېرەك.

شىرىن لەۋلىرىڭدىن بىرەر جۈملە ئاڭلاشنى ئىستەپ بىناۋا بولغانلىقىمىزدىن جىمى پەرۋانىلەرگە ئوخشاش بىر «ناۋا» ئارزۇسىدا كۆيىمىز.

ناقىسنىڭ دىلى ئاجىزلىق مۇقامى بىلەن «ئۆزھال»نى ئېيتسۇن، لېكىن «ئەجەم» بىلەن «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلىپ قالمىسۇن.

— ناقىس.





中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى www.uyghurkitap.com

# مەشرەب

## بىرىنچى مەشرەب

دىلىم گويا كى دەرد-ئەلەمنىڭ بېغىدۇر، مەن بىر ئاشىق، دۇنيانى سۇ باسقىنىدىن پەرۋايىم نېمە؟
پەلەكتە چېقىۋاتقان چاقماق ئاھىمنىڭ يالقۇنىدۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.
كەبىنى تاۋاپ قىلىشىمغا يول باشلىغۇچىنىڭ ھاجىتى يوق، باياۋاندىكى ھەربىر تىكەن ۋە خەس-خەشەكلەر مېنىڭ ھەرىمىمنىڭ نىشانىسىدۇر.
ئاستى خال، ئۈستى مېيىقلىرىڭ بىلەن زىننەتلەنگەن جامالىڭ ۋە قېشىڭ مېنىڭ «لەۋھى قەلەم»ىمنىڭ سۈرىتىدۇر.
ئەي تەلۋە زەلىلى، ئۇ شۇ قەدەر ئاجايىپ سەنەمكى، زۇننارىنى بويىنۇمغا سېلىپ، مېنى بەرەھمەن قىلىۋەتتى.
— زەلىلى.



中央民族大学图书馆

* *

ئەي تەڭرىم، ساڭا يۈز قەتلە شۈكرى، بىزگە ئادىل پادىشاھ بەردىڭ، ئابدۇررەشىدخاننى بىز پەقىر-مىسكىنلەرگە باشپاناھ قىلدىڭ.

ئەي نەفىسى، مۇقەددەس تەڭرىگە كېچە-كۈندۈز تەشەككۈر ئېيت، شاھىڭ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.

— نەفىسى.

* *

ھەق يولىدا جان تىكىپ ئىزدىنەلمىدىم، تەۋبە سۈيى بىلەن تېنىمنى يۇيۇپ پاكلىيالمىدىم.

ئاھ، بۇ نامىزىم قانداقمۇ قوبۇل بولسۇن، چۈنكى جىگەر قېنىم بىلەن تاھارەت ئالالمىدىم.

ۋاي دەرىغ، ئۆمرۈم بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ئاخىرەت ئۈچۈن قىلچىلىكمۇ تەييارلىق قىلالمىدىم.

جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈم كېچىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غەمگە تولدى، لېكىن كۆز ياشلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يۇيالمىدىم.

ئەي رەشىدى، سەن ئۆزۈڭنى ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يوقلا ئاشىق دەۋالما، چۈنكى ئىشق مەيدانىدا بىرەر قېتىممۇ مەردانىلىك كۆرسىتەلمىدىم.

— رەشدى.

## ئەللىكىنچى مەشرەب

يەنە ياز كەلدى، بوستان شادلىققا چۆمدى، ئەي جان
بېغىشلىغۇچى باھار شاملى، قۇتلۇق قەدىمىڭگە مۇبارەك.
بۇ ئاي يۈزلۈكلەر بىلەن گۈل سەيلىسى قىلىدىغان ئىسىل
پەيت. چۈنكى باغلار جەننەتتەك گۈزەل، چىمەنلەر جانبەخش
ھالەتكە كىردى.
مۇشۇنداق پەسىلدە مەن دىلبەرنىڭ ۋەسلىدىن يىراقتا
قالدىم، ئەي تەڭرىم، بۇنچىۋالا زۇلۇمنى ماڭا راۋا كۆرمە.
بۇرۇن گەرچە دىلىمدا ئانچە-مۇنچە غۇبار بولسىمۇ، ئاللاغا
شۈكۈركى، ئەمدى ماڭا پۈتۈنلەي پاكىزلىق مۇيەسسەر بولدى.
سېنىڭ ناز-كەرەشمەڭ ۋە قەھرى-غەزىپىڭگە جېنىم پىدا
بولسۇن، مەيلى ئۆلتۈر ياكى تىرىلدۈر ئىختىيار ئۆزەڭدە.

— گەدايى.



中央民族大学图书馆

# لۇغەت



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

## ئا

**ئاب** سۇ؛

**ئابى كەۋسەر** — كەۋسەر سۈيى، تەمى لەززەتلىك، ساپ سۇ، جەننەت بۇلىقىنىڭ سۈيى.

**ئابىد** ئىبادەت قىلغۇچى.

**ئاتەش** ئوت؛

**ئاتەشىن رۇخسار** — قىزىل يۈز، نۇرلۇق يۈز.

**ئارىف** بىلگۈچى، تونۇغۇچى، مەرىپەتلىك، دانا.

**ئازۇردە** ئازار چەككەن، رەنجىگەن.

**ئاقىل** ئەقىللىق، دانىشمەن، دانا.

**ئاقىلا** ئەي ئاقىل، ئەي دانىشمەن.

**ئايىنە** ئەينەك.

## ئە

**ئەبر** بۇلۇت؛

**ئەبرى نەيسان، ئەبرى باھار** — باھار بۇلۇتى.

**ئەجز** كۈچسىزلىك، زەئىپلىك، ئاجىزلىق، بىچارىلىك؛

**مەقامى ئەجز** — ئاجىزلىق ئورنى، بىچارىلىك جايى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەرز I 1) بايان، مەلۇمات؛ 2) زارلىنىش يالۋۇرۇش.
ئەرز II يەر، زېمىن، يەر يۈزى.
ئەرز III بىرەر نەرسىنىڭ ئېنى، كەڭلىكى.
ئەسرۇ ناھايىتى كۆپ، ئارتۇق، نۇرغۇن، ئىنتايىن، بەك، تولىمۇ، بەكلا.
ئەفغان قايغۇ-ئەلەمدىن نالە-پىغان قىلىش، قاتتىق پە-غان چېكىش، ئۇنلۇك يىغلاش.
ئەكس ئەكسى، ئەتۈرى؛ سايىسى.
ئەمىن ساقلىغۇچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇچى، ئە-شەنچلىك؛ پاسىبان؛ توغرا؛ خەۋپسىز، ئاساد-لىق، تىنچلىق.
ئەنۋائ خىللار، تۈرلەر، ھەرخىل، تۈمەن-تۈرلۈك؛
ئەنۋائى سەفا — يورۇقلۇقلار، روشەنلىكلەر، پارلاق-لىقلار، پاكلىقلار؛ تۈرلۈك مەئىشەتلەر، خىلمۇ-خىل خۇشاللىقلار، پاراغەتلەر.
ئەئيان 1) تونۇلغان، ئاشكارا بولغان، مەشھۇر؛ 2) دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلىرى، ئاب-رۇيلۇق كىشىلەر.

## ب

باد شامال، يەل؛
بادى سەبا — تاڭ شامىلى.
بادە مەي، شاراب، ئىچىملىك.
بزۋان 1) رازىلىق، مەمنۇنىيەت، 2) كۆچمە م: جەد-



中央民族大学图书馆

نەت، بېھىش؛

**باغى رىزۋان** — جەننەت بېغى.

**باياد (بايات)** 1) قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى؛ 2) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى توققۇزىنچى مۇقامنىڭ نامى.

**بەرق** 1) چاقماق، چېقىن، يېشىن؛ 2) كۆچمە م: ئوت، ئاتەش.

**بەرەھمەن** ئاتەشپەرەسلەر ئىبادەتخانىسىنىڭ روھانىي باشلىقى.

**بەيت I** ئۆي، خانا، جاي؛

**بەيتۇل-ئەھزان** — غەم خانىسى، قايغۇ ئۆيى.

**بەيت II** شېئىرنىڭ ئىككى مىسراسى.

**بۇسە** سۆيمەك، ئۆپمەك.

## پ

**پەردا** يورۇغان، يورۇق، كۈندۈز؛

**پەردايى قىيامەت** — قىيامەت كۈنى.

**پەرگار** پەركار، سىركول؛ ئايلانما؛

**پەرگارى لەئلى** — لەۋ، لەۋنىڭ ئايلانمىسى.

**پەرى** 1) پەرى؛ 2) كۆچمە م: گۈزەل، يار.

**پەرىۋەش** پەرىگە ئوخشاش، گۈزەل.

**پەنجگاھ** 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى بەشىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) بەشىنچى ئورۇن، بەشىنچى دەرىجە؛ 3) بەش تۈيغۇ( ئاڭلاش، كۆرۈش، سې-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىش، پۇراش)

**پەيكەر** 1) ھەيكەل، جىسىم، گەۋدە؛ 2) سۈرەت، رەسىم؛

**پەرى پەيكەر** — پەرى سۈرەتلىك، گۈزەل.

**پەيمانە** قەدەھ، مەي پىيالىسى.

**پويە** ئوتتۇرىچە تېزلىكتە مېڭىش، يۈرتىش.

**پۇر** تولا، كۆپ.

**پىچ** تولغىنىش، ئورىلىش، بۇرۇلۇش، پۈكلىنىش؛

**پىچ-پىچ** — ئورام-ئورام، بۇرام-بۇرام.

## ت

**تابدان** ئۆيگە يورۇق چۈشسۇن ئۈچۈن ئىشىكنىڭ ئۈستىدىن قويۇلغان تۈڭلۈك.

**تار I** 1) يىپ، ئارقان، تالا؛ 2) سازنىڭ تارىسى، يىپى؛ 3) چاچ تالاسى، چاچنىڭ قىلى؛ 4) شامنىڭ ياكى چىراقنىڭ پىلىكى؛ 5) ئۆرۈش؛

**تارى موي** — قىل، چاچنىڭ قىلى؛ قىلچە، پەقەت؛

**تارى ھەيات** — تىرىكلىك يىپى، جان، ھايات، نەپەس، تىرىكچىلىك؛

**تارۇ پۇد** — ئۆرۈش ۋە ئارقاق.

**تار II** قاراڭغۇ، قاراڭغۇلۇق.

**تار III** تار، قىستالغان، كەڭ بولمىغان؛ كىچىك، كىچىككىنە.

**تەجەللى** كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش.



中央民族大学图书馆

**تەرەننۇم** كۈيلەش، ناخشا ئېيتىش، سايراش؛ غەزەل ئوقۇش؛ چىرايلىق سۆزلەش؛ ساز چېلىش.

**تەرەھھۇم** رەھىم قىلىش، غەمخورلۇق، مەرھەمەت.

**تەقەددۇس** ئۇلۇغلانغان، مۇقەددەس بولغان، بۈيۈك.

**تەڭرى** ھەق، ئىگە، ياراتقۇچى، خۇدا، تەڭرى؛

**تەڭرى تەقەددۇس** — مۇقەددەس تەڭرى، ئۇلۇغ ئاللا.

**تەلبە** تەلۋە، ساراڭ، سەۋدايى؛

**تەلبەراي** — تەلۋە مىجەز، تەلۋە خارەكتېر، سەۋدايى خىيال.

**تەھەممۇل** چىدام، سەۋر-تاقەت، ئېغىرلىق.

**تەۋاف** بىرەر نەرسىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىش، زىيارەت، تاۋاپ.

**تەۋسەن** شوخ ئات، ئويناق ئات، شاش ئات.

**تۇدە** 1) توپ، جامائەت، گۇرۇھ؛ 2) پادا، چارۋا توپى.

**تۇرفە** يېڭى، يېڭىلىق؛ قىزىق، كىشىنى ئەجەبلەندۈرۈدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، ئاجايىپ-غارايىپ.

**تۇغرا** 1) گېرب، دۆلەت نىشانىسى، بەلگىسى؛ پادىشاھنىڭ يارلىق، پەرمان ۋە قارارلىرى يېزىلىدىغان قەغەزنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چۈشۈرۈلىدىغان مەخسۇس بېزەكلىك بەلگە؛ 2) مەكتۇپلارنىڭ ئۈستىگە يېزىلىدىغان مەخسۇس سۆز؛ 3) كىتابلارنىڭ بەت بېشىغا چۈشۈرۈلىدىغان نەقىش، رەسىم ۋە سىزىقلار.

**تېر** 1) ئوق، يانىڭ ئوقى، كامان ئوقى؛ 2) ئاتارۇد



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(مېركۇري) پلانېتىسى؛ 3) ئۇزۇن تىك ياغاچ، ماچتا، كېمىنىڭ ماچتىسى؛ 4) كۆچمە م: يار-
نىڭ كىرپىكى ۋە نەزىرى؛

تىير باران — ئوق ياغدۇرۇش.

تىير مژگان — كىرپىك ئوقى.

تىيرە قاراڭغۇ؛ قارا؛ بۇلغىنىش؛ غەم-غۇسسىلىك.

## ج

جانفىزا(ي) جاننى قۇۋۋەتلەندۇرگۈچى، جانغا راھەت بەرگۈ-
چى، ئارامى جان، يېقىملىق.

جاۋىد ئەبەدىي، دائىمىي، مەڭگۈ، دائىما.

جەننەت بېھىش، جەننەت؛

جەننەتۇل-مەئۋا — جەننەتلەردىن بىرىنىڭ نامى.

جۇستجۇ قىدىرىش، ئاختۇرۇش، ئىزدەش.

جۇنۇن سەۋدايىلىق، ساراڭلىق، ئەقلىدىن ئازماق.

## چ

چارگاھ (چەھارگاھ) 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى تۆ-
تىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) تۆتىنچى دەرىجە،
ئورۇن، جاي.

چەببايات «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى ئىككىنچى مۇ-
قامنىڭ نامى، چەببايات مۇقامى.

چەرخ 1) چاق؛ 2) ئايلىنىش؛ 3) كۆچمە م: ئاسمان،



中央民族大学图书馆

كۆك، پەلەك؛ 4) تەقدىر، تەلەي؛ 5) دەۋر، زامان؛

**چەرخى سەرگەردان** — بېشى ئايلانغان، تەتۈر پەلەك، ئادالەتسىز تەقدىر؛

**چەرخى ناشاد** — كۆڭۈلسىز دۇنيا، غەملىك ئالەم، قايغۇلۇق دۇنيا.

**چەكمەن** بىرخىل رەخت، چەكمەن.

**چەكمەنى گۈلنار** — قىزىل چەكمەن، قىزىل رەخت.

## خ

**خار I** سۆز بىرىكمىسىدە «ئىچكۈچى، يىگۈچى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

**خار II** تىكەن؛

**خارۇ خەس** — ئۇششاق تىكەن.

**خاجە** 1) باشلىق؛ ساھىب، ئىگە؛ ئۆي ئىگىسى، ئائىلە باشلىقى؛ 2) كاتتا سودىگەر، چوڭ تىجارەتچى؛

**خاجەئى ھۇسن** — ھۆسۈن ئىگىسى، گۈزەللىك ساھىبى، گۈزەل.

**خال** 1) مەڭ؛ 2) داغ؛ 3) كۆچمە م: دان، ئۇرۇغ؛ 4) كۆز قارىچۇقى؛

**خالۇ خەت** — مەڭ ۋە مىيىق.

**خەت** 1) سىزىق، ئىز؛ 2) يېزىق، خەت، 3) يېڭى چىققان بۇرۇت، مىيىق.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**خەم** ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.

**خەممار** ئىچىملىك ياسىغۇچى؛ ئىچىملىككە بېرىلگۈچى.

**خەندان** كۈلگۈچى، كۈلىدىغان؛ شاد، خۇرسەن، سۆيۈن-
گۈچى.

**خەير** ياخشىلىق، ئىنئام، ئېھسان.

**خەير مەقدەم** — قەدەملىرى خەيرلىك، خۇش كېلىپ-
سىز (مېھمانغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ).

**خۇرشىد** قۇياش، كۈن.

**خۇرشىدى رەخشان** — نۇرلۇق قۇياش، پارلاپ تۇرغان
قۇياش، كۈن.

**خۇناب** قانلىق ياش، ئاچچىق يىغى؛ قان سۈيۈقلۇقى؛
**خۇنابى جىگەر** — جىگەر قېنى.

**خىزر** رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە «ئابى ھايات» (تىرىكلىك
سۈيى) نى ئىزدەپ تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن ئىچىپ
دائىم تىرىك يۈرگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى،
كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن مەشھۇر؛
**خىزر سۈيى** — ئابىھايات، تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق
سۈيى. بۇ سۇنى خىزر ئىزدەپ تاپقانلىقى ئۈچۈن
«خىزر سۈيى» دەپ ئاتالغان.

**خىلئەت** 1) ھەشەمەتلىك كىيىم؛ 2) تون، سەرۇپاي.

## د

**دام** تۇزاق، قاپقان

**دەر** ئىشىك، دەرۋازا، قوۋۇق.



中央民族大学图书馆

**دەر بەدەر** — ئىشىكمۇ ئىشىك؛ كۆچمە م: سەرگەردان، ساياق.

**دەير** 1) بۇتخانا؛ 2) كۆچمە م: مەيخانا؛ 3) دۇنيا؛

**دەير پىرى** — مەيخانىچى، مەيخانا ئىگىسى، باشلىقى.

**دۇر** 1) ئۈنچە، مەرۋايىت؛ 2) قىممەتلىك سۆز، ھېكمەت؛

**دۇر ئەفشان** — 1) ئۈنچە چاچقۇچى؛ 2) كۆچمە م: ئاجايىپ شېئىر تۈزگۈچى؛ گۈزەل سۆزلىگۈچى.

**دۇشنام** دەشنام، يامان ئاتلىق قىلىش، تىللاش.

**دۇشۋار** قىيىن، ئېغىر، مۇشكۈل، دىشۋار.

## ر

**راكىب** ئاتلىق، ئات مىنىپ يۈرگۈچى.

**رەفتار** يۈرۈش، مېڭىش.

**رۇخسار** يۈز، بەت، چېھرە، چىراي.

**رۇخسارى ئال** — قىزىل يۈز، گۈزەل چېھرە.

**روھ** روھ، جان.

**روھپەرۋەر** — روھلاندۇرغۇچى، جاننى پەرۋىش قىلغۇچى، يېقىملىق.

**رىيا** ئۆزىنى يامانلىقلاردىن ساقلانغان قىلىپ كۆرسىتىش، ئىككى يۈزلىمىلىك.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ز

زەخمناك 1) ياردار، جاراھەتلىك؛ 2) غەم بىلەن ئېزىلگەن.

زەڭگار 1) زەڭگەر(رەڭ)؛ 2) دات باسقان.

زۇلف چاچ، كوكۇلا؛

زۇلفى پەرىشان — يېيىلغان چاچ، چۇۋۇلغان چاچ.

زۇننار خرىستىئانلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ، بېلىگە باغلاپ يۈرىدىغان يىپى، تەسۋىيى.

زۇھد دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ياكى يالغاندىن ئۆزىنى شۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ كۆرسىتىش.

زۇھدۇ رىيا — زاھىدلىق ۋە رىياكارلىق.

## ز

زىر ئاستى، تۆۋەن، پەست.

زىرۇ زەبەر — ئاستىن-ئۈستۈن.

زىلال (زۇلال) تىپتىنىق، شېرىن، سۈزۈك ۋە سوغۇق سۇ.

زىندە تىرىك، جانلىق.

زىندەگان تىرىكلىك، ھايات، ھاياتي.

## س

ساغەر قەدەھ، مەي پىيالىسى، جام.



中央民族大学图书馆

**سەر** 1) باش؛ 2) ئۇچ، چوققا؛

**سەرفىتنە** — پىتنە قوزغاتقۇچى، باشلىغۇچى؛ پىتنە-پا-
ساتنىڭ مەنبەسى؛ پىتنىچى، ئارىنى بۇزغۇچى.

**سەركەش** بويۇنتاۋلىق، گەدەنكەشلىك، ئىتائەتسىزلىك،
بېشى قاتتىقلىق.

**سەرگەشتە** بېشى ئايلانغان، سەرگەردان ، ھەيران.

**سەرھەد** چېگرا، مەملىكەت.

**سەرۋ** 1) تۈپتۈز ئۆسۈدىغان، قىش-ياز ياپيېشىل تۇ-
رىدىغان، خۇش پۇراق، چىرايلىق بىرخىل دە-
رەخ؛ 2) كۆچمە م: يارنىڭ قەددى-قامىتى،
يار؛

**سەرۋى ئەرئەر** — قارا ئارچا؛ تاغ سەرۋىسى.

**سەرۋى خىرامان** — نازلىق يۇرگۇچى، چىرايلىق يۇر-
گۇچى يار.

**سەفال:** ساپال؛ ساپال ئىدىش، ساپال قەدەھ، ھىجىر.

**سەڭسار** 1) تاشلىق يەر؛ 2) ئادەمنى بېلىگىچە تىك كۆ-
مۈپ تاش بوران قىلىش، تاش ئېتىپ ئۆلتۈ-
رۈش.

**سەمەند** تېز يۇرگۇچى چىرايلىق ئات.

**سەنەم** 1) بۇت؛ 2) كۆچمە م: گۈزەل، يار.

**سەۋاد** 1) قارىلىق، قارا رەڭ؛ 2) قاراڭغۇ، قاراڭغۇ-
لۇق؛ 3) خەت-ساۋات، يېزىق؛ 4) شەھەر،
ئۆلكە، ئەتراپ؛ تېررىتورىيە؛ 5) يىراقتىن كۆ-
رۈنگەن قارا، نىشان؛

**سەۋادى ھەرەم** — ھەرەم ئەتراپى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**سەۋار** ئاتلىق، ئۇلاغلىق.

**سەيد** ئوۋ، شىكار، ئوۋلاش.

**سەيقەل** 1) پەردازلاش، يالتىرىتىش، جۇلا بېرىش؛ 2) يالتىراق.

**سەيياد** ئوۋچى؛

**سەييادى ئەزەل** — ئەزەل ئوۋچىسى؛ ئەزرائىل، قازا.

**سۈچۈك** تاتلىق، شىرىن، چۈچۈك.

**سۇراھ** ئۇزۇن بويۇنلۇق سۇ ۋە مەي ئىدىشى، شىشىسى.

**سىدق** 1) چىن، توغرا، راست، ھەقىقەت؛ 2) خالىسلىق.

**سىر** سىر، مەخپىيەت؛

**سىررى نىھان** — يوشۇرۇن سىر، مەخپىيەتلىك.

**سىررى مەيخانە** — مەيخانىنىڭ سىرى، مەخپىيىتى.

## ش

**شال** 1) ئايالLARنىڭ ياغلىقىنىڭ بىر تۈرى؛ 2) يۇڭدىن توقۇلغان كىيىم، ئورىما، يېپىنچا.

**شانە** تاغاق، چاچ تاغىقى.

**شاھەنشاھ** شاھلار شاھى، ئۇلۇغ پادىشاھ.

**شاھى خۇبان** ياخشىلارنىڭ شاھى، گۈزەللەر شاھى.

**شايەد** بەلكى، ئېھتىمال، كاشكى.

**شەمئ** شام، چىراغ؛ نۇر؛

**شەمئى جەمال** — چىراي نۇرى، نۇرلۇق چېھرە، گۈزەل يۈز.



中央民族大学图书馆

**شەھسەۋار** ئات مىنىشكە ئۇستا، ئات مىنىشكە ماھارەتلىك، ئاتقا ياراشقان.

**شۇست** يۇيۇش؛

شۇستۇ شۇ — يۇيۇنۇش، يۇيۇپ تازىلاش، يۇيۇنۇش-تارىنىش.

**شۇئلە** يالقۇن؛

شۇئلەئى ئاھ — ئاھنىڭ ئۇچقۇنى، ئاھ ئوتى.

**شھاب** 1) ئوت، يالقۇن؛ 2) ھاۋادا يالت قىلىپ ئۆتۈدىغان شولا؛ 3) ئۇچار يۇلتۇز.

## غ

**غارەت** بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، بەربات قىلىش، يوقىتىش، يېغى، ھۇجۇم.

## ف

**فەتلە** پىلىك، پىلتە؛ ئېشىلگەن.

**فەرزانە** ئاقىل، دانا، بىلىمدان.

## ق

**قەتل** ئۆلتۈرۈش، سويۇش؛

قەتلى ئام — ئومۇمىي قىرغىن، قىرغىنچىلىق.

**قۇللاب** 1) قارماق، چاڭگال، ئىلمەك؛ 2) ئەگمە؛ 3)



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللاپ.

## ك

**كاسه** كاسا، قاچا، قەدەھ، جام؛ چاناق؛

كاسەئى دەۋران — دەۋر قەدىھى.

**كام I** 1) تىلەك، ئىستەك، مەقسەت؛ 2) بەھرە، نېسىۋە، بەھرە ئېلىش؛

— كامى دىل — كۆڭۈل ئارزۇسى، بەھرە، لەززەت.

**كام II** تاڭلاي، ئېغىز؛

كام تەلخ — كۆڭلى غەش، بىئارام.

**كاھ (كەھ)** سامان.

**كەئبە** مەككە شەھرىدىكى زىيارەتگاھ، قىبلە، كەبە.

**كۇنج** بۇرجەك، بۇلۇڭ.

## گ

**گەرد** چاڭ، توزان، غۇبار؛

گەردى باد — قۇيۇن.

**گەردۇن** پەلەك، ئاسمان، كۆك.

**گەردىش** 1) چەمبىرەك؛ 2) ئايلىنىپ يۈرۈش، سەيلە قىلىش؛ ئايلانما، قايرىلىش؛ 3) ئاغدۇرۇلۇش.

**گەنج** ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلارغا ئوخشاش قىممەت باھالىق ماللارنىڭ توپلانمىسى، خەزىنە، توپلانغان بايلىق.



中央民族大学图书馆

گۇلرۇخ گۇل يۈز، گۈزەل يۈزلۈك، گۇلدەك چىراي، چېھرىسى ئىسسىق.

گۇلگەشت 1) گۇلزار سەيلىسى؛ 2) گۇلباغ؛ گۈزەل جاي.

گۇلگۇن گۇلرەڭ، قىزىل.

گۇلئۇزار «گۇلرۇخ» قا قاراڭ.

گىرداب قاينام، چۆرگۈلۈپ ئويمان بولۇپ ئاققان سۇ؛
گىردابى غەم — غەم قاينىمى.

گىرىبان ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى.

گىريان يىغلىغۇچى، يىغلاپ تۇرغۇچى.

## ل

لالە لالە، بىر خىل ئۆسۈملۈك(قىزىل رەڭلىك)؛
لالەئى ئەھمەر — قىزىل لالە.

لەتىف يۇمشاق، مۇلايىم؛ گۈزەل، كېلىشكەن، يېقىملىق.

لەئل 1) ياقۇت؛ 2) كۆچمە م: قىزىل لەۋ، يارنىڭ لېۋى؛ 3) قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان خەت.
لەئلى رۇممان — ئانار دانىسى.
لەئلى شەككەربار — شېكەر تۆككۈچى لەۋ.

لۇتف مۇلايىملىق، رەھىمدىللىق، مەرھەمەت؛ ياخشى مۇئامىلە.
لۇتفۇ ئىھسان — ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## م

ماھ (مەھ) ئاي؛

ماھ پەيكەر — ئاي سۈرەتلىك، ئايدەك، گۈزەل.

مەرھەبا خۇش كېلىپسىز (مېھمانغا ئېيتىلىدىغان تەكەللۇپ سۆز).

مەسىھ جان بېغىشلىغۇچى (ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى)؛

مەسىھ ئەنفاس — جان بېغىشلىغۇچى نەپەسلەر، ئىيسانىڭ نەپەسىدەك جان بېغىشلىغۇچى تىنىقلار.

مەقام 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئومۇمىي نامى؛ 2) جاي، ئورۇن، تۇرار جاي؛ 3) دەرىجە، باسقۇچ.

مەقامى راك — راك مۇقامى.

مەھۋ يوقىلىش، مەيداندىن كۆتۈرۈلۈش؛ ھەيرەتتە قېلىپ ئۆزىدىن كېتىش.

مەھزۇن غەملىك، قايغۇلۇق، خاپا.

مەھۋەش ئايدەك، ئايغا ئوخشىغان، گۈزەل.

مەھجەبىن 1) ئاي پېشانە، پېشانىسى چىرايلىق، ئاپئاق؛ 2) كۆچمە م: يار، گۈزەل.

مەيخار مەيخور، مەي ئىچكۈچى، ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

مۇئەتتەر خۇش پۇراقلىق، خۇش بۇي تارقىتىپ تۇرغۇچى، ئەتىر ھىدى كېلىپ تۇرغان.

مۇئەللەق ئېسىلغان، ئېسىلىپ قالغان؛ ئارىدا تۇرۇپ قال-



中央民族大学图书馆

غان.

**مۇرغ** 1) قۇش، ئۇچارلىق؛ 2) توخۇ.

**مۇزەييەن** زىننەتلەنگەن، بېزەلگەن.

**مۇسەۋۋەر** تەسۋىرلەنگەن، سۈرەتلەنگەن، خىيالدا سۈرەتلەنگەن.

**مۇشك** 1) قارا رەڭلىك، خۇش پۇراق ماددا، ئىپار؛ 2) كۆچمە م: چاچنىڭ قارىلىقى، ھىدى؛ كۆز قارىچۇقى؛

**مۇشكىن ھىلال** — كۆچمە م: تۇم قارا بۇدرە؛ قاپقارا قاش

**مۇغان** مۇغلار، ئاتەشپەرەستلەر؛ مەيخانىچىلار.

**مۇغەننى** سازەندە، ناخشىچى.

**مۇغىلان** چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈك، يانتاق.

**مۇكەررەر** قايتا-قايتا، ئۈستى-ئۈستىگە؛

**مۇكەررەر ئەيلەمەك** — تەكرارلىماق، قايتىلىماق.

**مۇنەققەش** نەقىشلەنگەن، بېزىتىلگەن.

**مژمەر** ئىسرىقدان.

## ن

**نەرگىس** گۈلنىڭ بىر تۈرى (بوتا كۆز دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نەغەز گۈلى، ئۇنىڭ گۈلى كۆزگە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئوخشىتىش يولى بىلەن كۆز مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ.

**نەرگىسى جادۇ** — سېھىرلىك كۆز.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**نەسم** مەيىن شامال، يېقىملىق سەلكىن.

**نەشئە** كەيپ، ھوزۇر-ھالاۋەت.

**نەشۋۇنەما** ئۆسۈش ۋە كۈن كەچۈرۈش.

**نەققارە** ناغرا.

**نەئل** 1) كەش؛ 2) تاقا؛ 3) ئۆتۈككە قېقىلىدىغان نال؛ 4) تاقا شەكلىدىكى تامغا.

**نەيير** پارلاق، نۇر چاققۇچى، نۇرلۇق؛
**نەييرى ئەئزەم** — كۆچمە م: قۇياش.

**نىسار** چېچىش، چاچقۇ(ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ بې-شىدىن گۈل ياكى تەڭگە-تىللا چېچىش).

**نىشان** 1) بەلگە، ئالامەت؛ 2) تامغا؛ 3) دېرەك؛ 4) بايراق؛ 5) پەرمان؛ 6) خەت، مەكتۇپ؛
**نىشانى ئەلەم** — بايراق بەلگىسى، تۇغ نىشانىسى.

**نىھال** 1) كۆچەت؛ 2) كۆچمە م: كىيىلىشكەن قامەت، يۇمران گەۋدە.

## ۋ

**ۋاسىل** ئېرىشكۈچى، يېتىشكۈچى؛ ئېرىشكەن، يېتىش-كەن.

**ۋۇزۇ** 1) يۈز يۇيۇش؛ 2) تاھارەت(ئېلىش).

## ئى

**ئىتاب** قەھر، غەزەپ، قىيناق.



中央民族大学图书馆

**ئىشۋە** ناز، يارنىڭ مەپتۇن قىلغۇچى ھەرىكىتى.

**ئىمان** ئىشەنچ، ئېتىقاد، دىلى بىلەن ئىشىنىش، ئېغى-
-زى بىلەن ئىقرار قىلىش.

**ئىئتىدال** مۆتىدىللىق، ئوتتۇرا دەرىجە، نورمال.

## ي

**يەغما** I تالان-تاراج، بۇزغۇنچىلىق.

**يەغما** II 1) قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ نا-
مى؛ 2) مەملىكەت؛ شەھەر (بۇ شەھەر كىشىلى-
-رى ناھايىتى چىرايلىق دەپ تەرىپلىنىدۇ).



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# ئىزاھاتلار



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

## ئا

**ئابى چەشمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇزىكا بۆلەكلىرىنىڭ نامى؛ 2) كۆز يېشى مەنىسىدە.

**ئابىھەيات، ئابىھەيۋان، ئابى زىندەگانى** ئەبەدىي ھاياتقا سەۋەب بولغان ھاياتلىق سۈيى (دەپ تەبىر بېرىلگەن). رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۇنى ئىچكەن كىشى ئەبەدىي ياشايدۇ دەپ ھېسابلانغان سۇ، تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق سۈيى. بۇ سۇ قانداقتۇر بىر بۇلاقتىن چىقىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغانلىقتىن **چەشمەئى ھەيۋان** ھەمدە بۇ سۇ خىزىر پەيغەمبەرگە مۇيەسسەر بولغان دېيىلىپ **خىزىر سۈيى** دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئادەم** ئىنسان، دەسلەپكى ئىنسان ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر. تەڭرى دەسلەپكى ئىنسان بولغان ئادەمنى، كېيىن ھەۋۋانى ياراتقان، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۇلاردىن تۆرىلىپ كۆپەيگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئالىمۇل-غەيب** غايىبلىق سىرلىرىنى بىلگۈچى؛ كۆچمە م: تەڭرى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئاياقچى، تامسە تۇت توققۇز** بۇ شاھلار ھۇزۇرىدا ئۆتكۈزۈ-
لۈدىغان تەنتەنىلىك مۇراسىملار ۋە بەزمىلەرنىڭ قائى-
دە-تەرتىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەي ئىچكەندە ھەر-
بىر كىشىنىڭ تولۇق ئىچىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەي
ئىچىلگەندىن كېيىن ساقىغا قايتۇرۇلغان ھەربىر قە-
دەھنى ساقى دۈم قىلىپ تەكشۈرىدۇ. بۇ چاغدا قەدەھ-
تىن بىرەر تامچە يەرگە تېمىپ قالغۇدەك بولسا، ساقى
جازا سۈپىتىدە ئارقا-ئارقىدىن توققۇز قەدەھ تۇتىدۇ:

«مۇغەننى، بىر نەۋائى تۈز، نەۋائى، نەغمەئى كۆرگۈز،
ئاياقچى، تامسە تۇت توققۇز، كى دارايى زەمان كەلدى.»
— نەۋائى.

## ئە

**ئەبباسخان** (شاھ ئابباس) «غەرىب-سەنەم» داستانىدىكى
مۇھىم پېرسوناژلاردىن بىرى، سەنەمنىڭ ئاتىسى.

**ئەبدۇررەشىدخان** (1520—1569) XVI ئەسىردە ياشاپ ئى-
جادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەربابى
ۋە مۇتەپەككۇر شائىر. يەكەننى پايتەخت قىلغان سە-
ئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ
ئوغلى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى.
«رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن ئاجايىپ لىرىك شېئىر-
لار يازغان. ئەبدۇررەشىدخان دەۋرىگە كەلگەندە ئۇيغۇر
كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» رەتلىنىپ
سىستېمىلاشقان مۇزىكا ھالىتىگە كەلگەن.



中央民族大学图书馆

**ئەتتار** 1) ئۇپا، ئەتلىك، ئەتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇش پۇراقلىق دورا-دەرمەكلەرنى ساتقۇچى؛ 2) «مەنتىقۇت-تەير» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ لەقىمى.

**ئەجەم** 1) ئەرەب بولمىغان خەلق‍لەر ۋە مەملىكەتلەر (كۆپىنچە ئىران مەملىكىتى ۋە خەلقىغە قارىتا ئىپىتىلىدۇ)؛ 2) تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېلىپ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى يەتتىنچى مۇقامنىڭ نامى.

**ئەزرائىل** دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان پەرىشتە، ئەجەل پەرىشتىسى، (تۆت مۇقەررەب پەرىشتىنىڭ بىرى).

**ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل-كەئىسى ئەنۋارۇل-ھۇدا**

«قۇياشتەك يورۇپ تۇرغان قەدەھنىڭ شولىسىدىن ھىدايەت نۇرى چاقنىدى» دېگەن مەنىدە.

**ئەنەلھەق** «مەن ھەقمەن» (بۇ مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇف مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزى)؛

**ھۇيى ئەنەلھەق** — «ئەنەلھەق» نىڭ ساداسى.

**ئەھرەمەن** ئەك ياۋۇز، دەھشەتلىك دىۋە.

**ئەھلى زۇھد** 1) دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تارتىپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار؛ 2) دەرۋىشلەر.

**ئەھمەد بەگ** «يۇسۇف-ئەھمەد» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى؛ يۇسۇپبەگنىڭ ئىنىسى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



**بابىل** ئاسسۇرلۇقلار دەۋرىدە ئىراقتا قۇرۇلغان شەھەرلەر-
دىن بىرى. بۇ شەھەر باغدادنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە
بولۇپ، ئىنتايىن ھەيۋەت ۋە يۇكسەكلىكتىن قەدىمكى
ئەدەبىياتىمىزدا «بابىل قەلئەسى»، «بابىل چاھى»
دېگەن ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. تەۋراتتا
بۇ شەھەر قەلئەسىنىڭ كۆپلىگەن تىللارنىڭ مەيدانغا
كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقى توغرۇلۇق رىۋايەت قىلى-
نىدۇ. مۇسۇلمانلاردا بولسا بۇ قەلئە نەمرۇدنىڭ ئاس-
مانغا چىقىپ، تەڭرىنىڭ ئىشلىرىنى بىلىش مەقسىدى
بىلەن قۇرۇلغان دېگەن رىۋايەت بويىچە «نەمرۇد قەل-
ئەسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بابىل قەلئەسى، بابىل چاھى** «بابىل» غا قاراڭ.

**باغى جىنان** جەننەت بېغى.

**بايات (باياد)** 1) قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى؛
2) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى توققۇزىنچى
مۇقامنىڭ نامى.

**بەدايىئۇل-ۋەسەت** «ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى» ياكى
«ئوتتۇرا ياشلىق لىرىكىلىرى»، ئەلشىر نەۋائىنىڭ
مەشھۇر ئەسىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى
ئۈچىنچى دىۋانىنىڭ نامى.

**بەغداد** قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان
شەھەر، ھازىرقى ئىراق دۆلىتىنىڭ پايتەختى.

**بەھرۇن-نەجات** «فەرھاد ۋە شىرىن» داستانىنىڭ باش



中央民族大学图书馆

قەھرىمانى فەرھاد تەرىپىدىن شىرىن ئۈچۈن قېزىلغان چوڭ كۆلنىڭ نامى؛ (ئەينى مەنىسى: قۇتۇلۇش دەرياسى).

**بەھرى ئۇممان** 1) ئۇممان دېڭىزى؛ 2) كۆچمە م: كاتتا دېڭىز، زور دېڭىز.

**بىلقىس** سۇلەيمان پەيغەمبەر زامانىدا يەمەننىڭ سەبە شەھىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر مەلىكە. سۇلەيمان پەيغەمبەر ئۇنى ياخشى كۆرگەن ۋە پەلەستىنگە چاقىرىۋالغان.

## پ

**پەنجگاھ** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بەشىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) بەشىنچى دەرىجە، بەشىنچى ئورۇن؛ 3) بەش، بەشىنچى.

**پىشرەۋ (پەشرو)** 1) ئىلگىرى يۈرگۈچى، ئالدىدا ماڭغۇچى، يېتەكچى؛ يول باشلىغۇچى؛ 2) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە تەركىبىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى.

## ت

**تەئەززە (تەزە )** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) ئازابلىغۇچى، قىينىغۇچى، كۆڭۈلنى مۇڭلاندۇرغۇچى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

**تەئكىد (تەئقىد)** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلەكىنىڭ نامى؛ 2) باغلىنىش؛ 3) بىرەر پىكىرنى تېخىمۇ ئېنىق ھالدا ئورتىغا قويۇش؛ 4) ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىر؛ 5) تەكىتلىمەك.

**تۇبى** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، جەننەتتىكى تولىمۇ چىرايلىق بىر دەرەخ، جەننەت دەرىخى؛ كلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ كېلىشكەن قەددى-قامىتىگە سىمۋول قىلىنىدۇ.

**تۇر** دىنىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مۇسا پەيغەمبەر تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن تاغنىڭ نامى. بۇ جايدا مۇسا پەيغەمبەر ئوت ياققان. بۇ تاغ ئەرەبىستاندىكى ئەقەبە كۆرپىزى بىلەن سۇۋەيش ئارىسىدا بولۇپ، ئۇ «جەبەلى مۇسا» ۋە «تۇرى سىينا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تۇفان** رىۋايەتلەرگە كۆرە، ناھايىتى قەدىم زاماندا يۈز بەرگەن ئىنتايىن كۈچلۈك دۇنياۋىي سۇ تاشقىنى. بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك ئاپەتتە نۇھ پەيغەمبەر باشچىلىقىدىكى بىرقانچە كىشىلا كېمە بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇپ، بۇگۈنكى ئىنسانلار شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنمىش.

**تۆت «قۇل»** «قۇرئانى كەرىم» دىكى «قۇل» سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان تۆت سۈرىنىڭ قىسقارتىلغان ئومۇمىي نامى. بەزىدە «چەھار قۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە بۇ سۈرىلەر كۆپ خاسىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ.



中央民族大学图书馆

**تۈت مەزھەب** 1) «ھەنەفى» مەزھىپى. بۇ مەزھەبنىڭ ئىمامى ئەبۇ ھەنىفە نۇئمان بىننى سابىت. ئۇ باغدادلىق بولۇپ ئابباسىيلار دەۋرىدە ياشىغان فىقھ ئالىمىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئاساسچىلىرىدىندۇر. 2) «مالىكى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپىنىڭ ئىمامى مالىك بىننى ئەنەس بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 93-يىلى مەدىنەدە تۇغۇلۇپ، 179-يىلى ۋاپات بولغان. «ئەل-مۇۋەتتە» ئىسىملىك ئەسىرى بار. 3) «شافىئى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپىنىڭ ئىمامى ئەبدۇللاھ بىننى مۇھەممەد بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 150-يىلى تۇغۇلۇپ، 204-يىلى ۋاپات بولغان. نەسەبى ئەبدۇمەنافتا مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇتىشىدۇ. فىقھ ئىلمىگە دائىر ئەسەرلىرى بار. ئاتاغلىق تەفسىرشۇناس ۋە مۇھەددىستۇر. 4) «ھەنبەلى» مەزھىپى. بۇ مەزھەپىنىڭ ئىمامى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەلى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 164-يىلى تۇغۇلغان، 241-يىلى ۋاپات بولغان. 30 مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇسنەد»ناملىق ئەسىرى بار.

## ج

**جامى جەم** شاھ جەمشىد ياساتقان تىلسىملىق جام، قەدەھ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جەمشىد ھېكىملەرگە بۇيرۇتۇپ ئىككى جام ياساتقان. ئۇنىڭ بىرى ئىچىدىكى شارابنى ئىچسە-ئىچسە تۈگىمەيدىغان، ئۆكتۇرسىمۇ ئىچىدىكى شاراب تۆكۈلمەيدىغان جام بولۇپ، ئۇ «جامى ئىشرەت



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

فەزاي» دەپ ئاتالغان. يەنە بىرى مەي ئىچكەندە ئۇنىڭ ئىچىدە جاھاندىكى جىمى ھادىسىلەر كۆرۈنىپ تۇرىدىغان جام بولۇپ، ئۇ «جامى جەھاننەما»، «جامى گىتىنەما»، «جامى جەھانبىن» دەپ ئاتالغان.

**جەمشىد** 1) ئۇلۇغ پادىشاھ، ئالىي ھۆكۈمدار، مەلىك؛ 2) ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى پادىشاھلىرىدىن بىرى (كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قىسقارتىپ «جەم» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ).

**جەننەتۇل-فىردەۋس** جەننەت بېغى. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە سەككىز جەننەتنىڭ بىرى، بىر دەرىجىسى.

**جەننەتۇل-مەئۋا** 1) جەننەت، جەننەت يېرى، جەننەت ماكانى. دىنىي ئەقىدىلەر بويىچە دىندار، گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ روھى ئۇ دۇنيادا راھەت-پاراغەتتە ياشايدىغان جاي؛ ئالىي ۋە ئەڭ گۈزەل باغ، بەھىشت؛ 2) سەككىز جەننەتنىڭ بىرىنىڭ نامى، جەننەتنىڭ بىر دەرىجىسى.

**جۇلا (جىلا)** 1) «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) روشەنلىك، پارلاقلىق.

## خ

**خەزايىنۇل-مەئانى** «مەنىلەر خەزىنىسى». ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدە غەزەللەردىن ئىبارەت 16 خىل ژانىردىن تەركىب تاپقان، 44 مىڭ 803 مىسرالىق،



中央民族大学图书馆

3130 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت دىۋاننىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇ كۆپىنچە «چەھار دىۋان» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

**خەمسە** مەسنەۋىي شەكلىدە يېزىلغان بەش ئەسەر دېمەكتۇر. بۇنداق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلەر «خەمسەنەۋىس» ياكى «خەمسەچى» دېيىلىدۇ. شەيخ نىزامى گەنجەۋى، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى مەشھۇر خەمسە نەۋىسلەردۇر.

**خەيبەر** ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھىجاز ئۆلكىسىنىڭ شەرقىدىكى، مەدىنەنىڭ 170 كىلومېتر شىمالىدىكى بىر شەھەر. قەلئە ئېگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ قەلئە ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى يۈز بەرگەن خەيبەر ئۇرۇشى بىلەن شۆھرەت تاپقان.

**خوتەن** تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى بىر شەھەر. قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى؛ شەيخ سۇلەيماننىڭ «لۇغەتى چاغاتاي» ناملىق ئەسىرىدە «خوتەن» سۆزىنى «ئەزىم شەھەر»، «بۈيۈك قەلئە» دەپ ئىزاھلايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا بۇ شەھەرنى ھۇسىۇندار-گۈزەل قىزلىرى، داڭلىق ئىپار-ئەنبەرلىرى، نەپىس گىلەم، يىپەك ماللىرى بىلەن كۆپ ماختىشىدۇ.

**خۇسرەۋ** 1) پادىشاھ، ھۆكۈمدار، ئالىي ھۆكۈمران؛ ئىراننىڭ قەدىمكى كەيانى شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**خۇسرەۋ پەرۋىز** ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى «فەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ مۇھىم پېرسوناژ-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىدىن بىرى؛ پەرھادنىڭ رەقىبى.

**خۇسرەۋشاھ** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھرىمان ھەمراجاننىڭ دادىسى.

**خىزىر، ئىسكەندەر ۋە زۇلمەت قىسسىسى** «قىسەئى ئابىھە-يات» قا قاراڭ.

**خىزىر** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئابى-ھەيۋان (تىرىك-لىك سۈيى) نى ئىزدەپ تاپقان ۋە ئۇنىڭدىن ئىچىپ، دائىمىي تىرىك يۈرگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ نامى. كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، دوستلۇق ئىزھار قىلىش بىلەن مەشھۇر.

د

**دارايى زەمان** زامان پادشاھى دېگەن مەنىدە. دارا — ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەددىي ئىسكەندەرى» ناملىق داستانىدىكى قەدىمكى ئىران شاھلىرىدىن بىرى بولغان مۇھىم پېرسوناژ، ئىسكەندەرنىڭ قېيىن ئاتىسىدۇر. ئۇ جاھاننى قولىغا كىرگۈزگەن قۇدرەتلىك جاھانگىر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا شاھ-لارنىڭ سەلتەنىتىنىڭ يۇقىرىلىق دەرىجىسىنى كۆر-ستىشتە سىمۋول قىلىنىپ: «دارايى زەمان» — زامان پادشاھى؛ «دارا» — پادشاھ؛ ساھىب، ئىگە مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**دارۇل-فەنا** بۇ دۇنيا، ئۆتكۈنچى دۇنيا؛ فانىيلىق ئۆيى.

**دارۇل-قەزا** قازىخانا.



中央民族大学图书馆

**داستان** 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى بىر چوڭ مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى. 2) نەزىم (مەسنەۋىي) ياكى نەسىر شەكلىدە يېزىلغان (ئېيتىلغان) چوڭ ھەجىمدىكى ھېكايە، داستان؛ 3) خەلق قەھرىمانلىرى ھەققىدىكى ئېپىك ئەسەر؛ 4) كۆچمە م: كەچمىش ۋەقە، سەرگۈزەشت؛ 5) تارىخ.

**داۋۇد** «قۇرئانى كەرىم» دە ئىسمى ئاتالغان بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى. سۇلەيمان پەيغەمبەرنىڭ ئاتىسى. بۇ زات ھەم پەيغەمبەر، ھەم سۇلتان ئىدى. ئۆزىگە ئىبرانىچە «زەبۇر» كىتابى نازىل بولغان. بەكمۇ خۇشئاۋاز ئىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 1010- يىلى ۋاپات بولغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**دەمى ئىيسا** دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىيسا پەيغەمبەر ئۆز نەپىسى بىلەن ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرىدىكەن. كلاسسىك ئەدەبىياتتا يارنىڭ لېۋىنىڭ جان بېغىشلايدىغانلىقى مەسىھاغا ئوخشىتىلىدۇ ۋە «مەسىھا نەفەس»، «مەسىھا دەم» ھەم «مەسىھاۋەش» دېگەن تەۋسىفلەر بېرىلىدۇ.

**دىۋان** قەدىمكى شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى. قاپىيە ئېتىبارى بىلەن ھەرپ تەرتىپى ئاساسىدا تۈزۈلگەن ھەجمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان شېئىرىي مەجمۇئە.

## ر

**راك** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بىرىنچى مۇ-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قامنىڭ نامى؛ 2) بەزى مەنبەلەردە «رەگ» دەپمۇ كۆرسىتىلگەن؛ بۇ «ساپ»، «خاس» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: رەگ ئالتۇن — ساپ ئالتۇن؛ 3) «رەگ» (پارسچە) — تومۇر، قان تومۇر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**روزى قىيامەت** دىنىي رىۋايەتلەر بويىچە ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىش كۈنى. بۇ كۈنى ئىنسانلار ئۆز هاياتىدا قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىدىن تەڭرى ئالدىدا هېساب بەرگىدەك.

**رۇستەم** فىردەۋسىنىڭ «شاهنامە» ناملىق ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى ئىران پالۋانلىرىدىن بىرى. بەدىئىي ئەدەبىياتتا باتۇر، پالۋانلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە «رۇستەمچە»، «رۇستەم سۈپەت» ··· دېگەن ئوخشىتىشلار قوللىنىلىدۇ.

**رىزۋان** 1) رازىلىق، مەمنۇنىيەت؛ 2) كۆچمە م: جەننەت.

## ز

**زەهەبنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋەجەدنا ماهۇۋەل-مەقسۇد** — مەقسەد ۋادىسىنى كېزىپ، كۆزلىگەن نىشاننى تاپتۇق:

«نەۋائى، كەئبە زىكرىن قويىكى، بىز دەيرى فەنا ئىستەپ
زەهەبنا ۋادىيەل-مەقسەد، ۋەجەدنا ماهۇۋەل-مەقسۇد».
— نەۋائى.



中央民族大学图书馆

**زىلەيخا** رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى ئىچىدىكى «يۇسۇف-زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى؛ ئېزىز مىسىرنىڭ قىزى.

## س

**سەرۋەر** رەئىس، باش، سەيىد: سەرۋەرى ئالەم — پۈتۈن ئالەملەرنىڭ سەرۋەرى، ئالەمنىڭ ئىگىسى.

**سەلىقە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) زوق، ئىستەك، مەيل.

**سەنەم** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) بۇت؛ 3) كۆچمە م: گۈزەل يار، مەھبۇب؛ 4) «غەرىب-سەنەم» داستانىدىكى باش قەھرىمانلاردىن بىرى؛ غېرىبنىڭ مەشۇقى؛ شاھ ئاباسخاننىڭ قىزى.

**سەنەۋبەر** «سەنەۋبەر» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. خۇرشىد شاھنىڭ ئوغلى، گۈلپەرىنىڭ ئاشىقى.

**سەييادى ئەزەل** ئەزەل ئوۋچىسى، ئىنسانلارنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل پەرىشتە ئەزرائىل؛ قازا.

**سۇلەيمان** بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىدىن بىرى. داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن يەتتە يىلدا «بەيتۇل-مۇقەددەس» نى قۇرۇپ چىقتى. قۇددۇستا ھۆكۈمەتنىڭ بىر چوڭ سارىيىنى بەرپا قىلدى. شەرق ۋە غەرب پادىشاھلىرىنى ئۆز ئىتائىتىگە



中央民族大学图书馆

كىرگۈزدى، 40 يىل ھەم پادىشاھلىق ھەم پەيغەمبەر-لىك قىلدى؛ جىن-شەيتان، دىۋە-پەرىلەرنى بوي سۇندۇرۇپ چىقتى؛ ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋاناتلار-نىڭ تىلىنى بىلەتتى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**سىگاھ** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئۇچىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئۇچىنچى دەرىجە، ئورۇن.

**سىمىيا** 1) ئاددىي مەدەنلەرنى ئالتۇن مەدىنىگە ئايلاندۇرۇش غايىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات. بۇ تەتقى-قات كۆپلىگەن ماددىلارنىڭ تېپىلىشىغا سەۋەب بولغان ۋە خىمىيە ئىلمىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىل-غان؛ 2) نىشان، ئىشارەت، ئالامەت مەنىلىرىنى ئىپا-دىلەيدۇ.

**سىينا** «تۇر»غا قاراڭ.

## ش

**شاھ بەرقۇت** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىدىكى پېرسوناژلاردىن بىرى. كوھى قافنىڭ شاھى، شەمسى جاناننىڭ دادىسى.

**شاھرۇخ** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھرى-مانلاردىن بىرى بولغان ھۆرلىقانىڭ دادىسى. شۇ داستاندىكى مۇھىم پېرسوناژلاردىن بىرى.

**شاھى خۇرشىد** «سەنەۋبەر» داستانىدىكى مۇھىم پېرسوناژ-لاردىن بىرى. شۇ داستاننىڭ باش قەھرىمانى بولغان سەنەۋبەرنىڭ ئاتىسى.



中央民族大学图书馆

**شاھى مۇرغان** قۇشلار شاھى، قۇشلارنىڭ ئۇلۇغى.

**شەمسى جانان** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى. قەمەر شاھنىڭ مەشۇ- قى، كۇھى قافنىڭ شاھى بەرقۇتنىڭ قىزى؛ گۈزەل پەرى.

**شەھزادە فەررۇخ** «شاھزادە فەررۇخ-مەلىكە گۇلرۇخ» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. قەندىھار شەھرىنىڭ شا- ھى لەندىھۇرنىڭ ئوغلى. گۇلرۇخنىڭ ئاشىقى.

**شىرىن** «فەرھاد-شىرىن» داستانىدىكى ئاساسىي پېرسو- ناژ؛ باش قەھرىمان فەرھادنىڭ مەشۇقى؛ ئەرمىنىيە شاھى مېھىنبانۇنىڭ ئارزۇلۇق سىڭلىسى.

## غ

**غەرايىبۇس-سىغەر** «بالىلىق ئاجايىباتلىرى» ياكى «بالى- لىق لىرىكىلىرى». ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئە- سىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى بىرىنچى دىۋانىنىڭ نامى.

**غەرىب** «غەرىب-سەنەم» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛ سە- نەمنىڭ ئاشىقى؛ ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى.

**غىلمان** 1) غۇلام، خىزمەتكار؛ 2) رىۋايەتلەردە ئېيتىلى- شىچە، جەننەتنىڭ خىزمەتكارى. [بۇ سۆز گەرچە كۆپلۈك شەكلىدە بولسىمۇ لېكىن بىرلىك مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بىرلىكى: غۇلام].



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ف

**فەرهاد** نەۋائى «خەمسە» سى ئىچىدىكى ئەڭ يىرىك ئە-
سەر «فەرهاد-شىرىن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛
شىرىنىنىڭ ئاشىقى.

**فەرىدۇن** تۇران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**فەۋائىدۇل-كىبەر** «قىرىلىق پايدىلىقلىرى» ياكى «قىرى-
لىق لىرىكىلىرى». بۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر
ئەسىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى تۆتىنچى
داستانىنىڭ نامى.

## ق

**قەمەرشاھ** «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىنىڭ باش
قەھرىمانى. شەمسى جانانىنىڭ ئاشىقى.

**قۇڭرات** قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردىن بىرىنىڭ نامى.

**قىسەئى ئابىھەيات** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خىزىر پەيغەمبەر
ۋە ھەزرىتى ئىسكەندەر ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى)
نى ئىزدەپ زۇلمەت ئىچىگە كىرگەن ۋە كۆپ جاپا-مۇ-
شەققەتلەرنى تارتقان، نەتىجىدە بۇ سۇ خىزىر پەيغەم-
بەرگە مۇيەسسەر بولغان. بۇ ۋەقەلەر بەدىئىي ئەدەبى-
ياتتا «قىسەئى ئابىھەيات» (ئابىھايات قىسسىسى) دەپ
ئاتالغان.

**قىيات** قەدىمكى تۈرك قەۋملىرىدىن بىرىنىڭ نامى.



中央民族大学图书馆

## ك

**كوھى قاف** قاپ تېغى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ تاغ پۈتۈن يەر يۈزىنى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، ئەنقا قۇشىمۇ، ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى) مۇ مۇشۇ تاغدا ئىمىش.

## گ

**گۈلەمخان** شۇ ناملىق داستاننىڭ باش قەھرىمانى.

**گۈلجامال** «غەرىب-سەنەم» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى غېرىبنىڭ سىڭلىسى.

**گۈلجەملە** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ھەمراجاننىڭ سىڭلىسى.

**گۈلشاھ** «گۆلشاھ-ۋەرقە» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، ۋەرقەنىڭ مەشۇقى، ھىمامنىڭ قىزى.

**گىتىنەما** جاھاننى كۆرسەتكۈچى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىختىرا قىلدۇرغان، دۇنيادىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان) جام.

## ل

**لەۋھى قەلەم** دىنىي ئەقىدىلەرگە قارىغاندا ھەربىر شەيئىنىڭ ئاۋۋىلى ۋە ئاخىرىنىڭ ئەزەل كۈنى ئىلمىي ئىلاھىدا يېزىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىر ئاتىلىشى.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

**لەئلى بەدەخشان** بەدەخشاندىن چىقىدىغان ئەڭ ساپ، ئەڭ تازا لەئل، ياقۇت، بەدئىي ئەدەبىياتتا بۇ بەدەخشان ياقۇتى يارنىڭ لېۋىگە ئوخشىتىلىدۇ.

**لەيلى** 1) تۇم قاراڭغۇ كېچە؛ 2) ئەرەبىي ئايالارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى؛ 3) «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ ئايال قەھرىمانى؛ مەجنۇننىڭ مەشۇقى.

**لولى** 1) دولان قىزى، دولانلىق؛ 2) كۆچمە م: شوخ، گۈزەل، سۆيۈملۈك، يار.

## م

**مەجنۇن** 1) نەۋائى «خەمسە» سى تەركىبىدىكى «لەيلى-مەجنۇن» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى؛ لەيلىنىڭ ئاشىقى؛ 2) ساراڭ، ئەقلىدىن ئازغان، مەجنۇن.

**مەشرەب** 1) «ئون ئىككى مۇقام» ئىچىدىكى ئۈچىنچى چوڭ مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىر بابا رەھىمنىڭ تەخەللۇسى؛ 3) بەزمە، ئولتۇرۇشنىڭ نامى. 4) تەبىئەت، خاراكتېر، ئادەت، خۇلق، رەۋىش.

**مەقام** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان نامى؛ 2) جاي، تۇرار جاي، ئورۇن؛ 3) دەرىجە، باسقۇچ.

**مەلەك** 1) پەرىشتە؛ 2) كۆچمە م: ناھايىتى گۈزەل؛ مەلەك‌ۋەش — پەرىشتەدەك، پەرىشتەگە ئوخشاش.



中央民族大学图书馆

**مەنسۇرھەللاجى** ئەسلى ئىسمى ھۇسەيىن. تەسەۋۋۇپ مەس-لىكىدە مەشھۇر، مەنىۋىي ئىستىغراق (ئۆزىنى بىلمى-گەن ھالدا ھەيرەتكە چۆمۈش) ھالىتىدە ھېسسىياتلى-رىنى، چۈشەنچىلىرىنى زاھىرەن شەرىئەتكە زىت ھال-دا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ 306-يىلى قەت-لى قىلىنغان.

**مۇز داۋان** قەدىمكى دەۋرلەردە ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ جە-نۇبتىن تەڭرى تېغىنى كېسىپ، شىمالغا ئۆتىدىغان كارۋان يولىدىكى قىش-ياز مۇز ئېرىمەيدىغان خەتەر-لىك، تار بىر داۋان. ئۇ «مۇز ئارت داۋىنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېنى تىك تاغ بولۇپ، يەنە بىر يېنى ئاستى كۆرۈنمەيدىغان قاپتال، بۇ داۋان ھازىرقى ئاقسۇ بىلەن مۇڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

**مۇسا پەيغەمبەر** «قۇرئانى كەرىم» دە نامى ئاتالغان پەيغەم-بەرلەردىن بىرى. دىنىي رىۋايەتلەرگە كۆرە، تۇر تې-غىدا تەڭرى بىلەن سۆزلەشكەن دېيىلىدۇ.

**مۇستەفا** 1) «تاللانغان، تاللاۋېلىنغان» دېگەن مەنىلەردە؛ 2) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى.

**مۇستەھزاد** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىس-مىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) ئارت-تۇ-رۇلغان، ئارتتۇرما؛ 3) مىسرالار ئاخىرىغا ئەرۇز قائىدىسى ئاساسىدا يېرىم مىسرا ئارتتۇرۇلىدىغان بىر-خىل شېئىرىي شەكىل.

**مۇشاۋەرەك** «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئون بە-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

رىنچى مۇقامنىڭ نامى. بەزى مەنبەلەردە «نىشئاۋە-رەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ «يۇرەككە تىغدەك تە-سىر قىلغۇچى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مۇشكى خوتەن** خوتەن ئىپارى، ئەڭ ساپ، ئەڭ ئېسىل، بەكمۇ خۇش پۇراق ئىپار. بۇ ئىپار خوتەن كېيىكىنىڭ كىندىكىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىياتتا «مۇشكى خوتەن» دەپ ئاتايدۇ ۋە ھىدىنى يارنىڭ چې-چىنىڭ ھىدىغا، رەڭگىنى قارلىقىغا ھەم كۆز گۆھە-رىنىڭ قارىچۇقىغا ئوخشىتىدۇ.

**مۇقەددىمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىس-مىدىكى دەسلەپكى مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى، بۇ بۆلەك «مۇقام» دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ 2) ئالدىدا ماڭغۇچى (ئەسكەر)؛ 3) ئالدى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆز، نۇ-تۇق؛ ئەسەرنىڭ باشلىنىش قىسمى، كىرىش سۆز.

**مىئراج كېچىسى** «لەيلەئى مىئراج» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىج-رىيە كالىندارى بويىچە رەجەب ئېيىنىڭ يىگىرمە يەت-تىنچى كېچىسى. مۇشۇ كېچىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر مىئراجغا چىققان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ن

**نەغمە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» دىكى كۈي ئىسىملىرىدىن بىرى، مەسىلەن: «چوڭ نەغمە» دېگەنگە ئوخشاش؛ 2) كۈي، ئاھاڭ، مۇقام؛ 3) سايراش.

**نەقشبەندىي** خوجا باھاۋىددىن نەقشبەند تەرىپىدىن يولغا



中央民族大学图书馆

قويۇلغان سوپىيلىق تارمىقىغا تەۋە كىشى.

**نەۋا** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئونىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئاۋاز، سادا، ئۈن؛ 3) كۈي، مۇزىكا ئاھاڭى، مۇڭلۇق ئۈن؛ 4) بايلىق؛ 5) نەسىۋە، بەھرە.

**نەۋادىرۇش-شەباب** «ياشلىق نادىرلىقلىرى» ياكى «ياشلىق لىرىكىلىرى»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «خەزايىنۇل-مەئانى» تەركىبىدىكى ئىككىنچى دىۋاننىڭ نامى.

**نۇسخە** 1) «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ چوڭ نەغمە قىسمىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) يېزىق، بىرەر يېزىقنىڭ ئەينەن كۆچۈرمىسى؛ 3) كىتاب، رىسالە.

## ھ

**ھاتەمى تەي** تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئادى بىننى ئەبدۇللاھ بىننى سەئىد. بۇ زات ئەرەب قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ چوڭلىرىدىن ۋە شائىرلىرىدىن بولۇپ، سېخىيلىقى بىلەن شۆھرەت تاپقان. بەزى شېئىرلىرى توپلىنىپ بىر دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە لوندرادا نەشر قىلىنغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىغىچە ياشىغان بولسىمۇ لېكىن دىدارلىشىشتىن بورۇن ۋاپات بولغان.

**ھەمراجان** «ھۆرلىقا-ھەمراجان» داستانىدىكى باش قەھرىمان. ھۆرلىقانىڭ ئاشىقى.

**ھۆرى ئەين** جەننەتتىكى كېيىك كۆزلۈك، ناھايىتى گۈزەل



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىزلار، كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقى بەكمۇ قارا، ئېقى بەكمۇ ئاق بولغان جەننەت قىزلىرى.

**هۇسەينىي** قەدىمكى مۇقاملارنىڭ بىرىنىڭ نامى. كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىدە بۇ نام تىلغا ئېلىنىدۇ:

«مەقاملارنىڭ ئاتاسىنى هۇسەينىيۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يوقارىكىم پەردەئى باياتىنى چالسام».

— مەشرەب.

**هىجاز** 1) قەدىمكى مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى؛ 2) ئاهاڭ، كۈي؛ 3) ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى، مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرى جايلاشقان تېررىتورىيە.

**هىندۇ** 1) هىندى، هىندىستانلىق؛ 2) كۆچمە م: قارا رەڭلىك.

خالى هىندۇ — قارا مەڭ.

## ئۇ

**ئۇششاق** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى سەككىزىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئاشىقلار، سۆيگۈچىلەر.

## ئۆ

**ئۆزهال** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئالتىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئۆزىنىڭ هالى-زارى، هال-زار ئېيتماق، ئۆز ئەھۋالىدىن قايغۇرماق، نالە-زار



中央民族大学图书馆

قىلماق.

## ۋ

**ۋامىق** نورۇزاخۇن كاتىپ زىبائى يازغان «ۋامىق-ئۇزرا» ناملىق داستاننىڭ باش قەھرىمانى، ئۇزرانىڭ ئاشىقى.

**ۋەرەقە** «گۇلشاھ-ۋەرەقە» داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى. گۇلشاھنىڭ ئاشىقى، ھىلالنىڭ ئوغلى.

**ۋەيسى قىرەن** (ئۇۋەيسەل-قەرانى) ياكى ۋەيس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كىشى خەلىفە ئەبۇ بەكرى ۋە خەلىفە ئۇمەر دەۋرلىرىدە مەدىنىدە كۆپ ھۆرمەت قازانغان، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ، ھەدىستە مەدھىيىلەنگەن ۋەلى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ئى

**ئىبنى يەمىنجان** رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدىكى مەشھۇر «يۇسۇف ۋە زىلەيخا» قىسسىسىنىڭ باش قەھرىمانى يۇسۇپنىڭ بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى، ئۇكىسى.

**ئىراق** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ئون ئىككىنچى مۇقامنىڭ نامى؛ 2) ئىراق دۆلىتى.

**ئىسفىھانچە قىلىچ** ئىسفىھاندا ياسالغان قىلىچ، ئىسفىھان قىلىچى، ئېسىل ۋە ئۆتكۈر قىلىچ.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئىسكەندەر** ئىسكەندەر زۇلقەرنەين؛ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «خەمسە» تەركىبىدىكى «سەددىي ئىسكەندەرى» ناملىق داستانىنىڭ باش قەھرىمانى. «ئابىھايات» نى ئىزدەپ خىزىر پەيغەمبەر بىلەن زۇلمەتكە كىرگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ سۇنى ئىچىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئىسمائىل** لەقىمى «زەبىھۇللاھ»، رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى. ئۇ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى، ئاتىسى ئوغلى ئىسمائىلنى تەڭرى يولىدا قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ، سەبى ئىسمائىلمۇ چىن دىلىدىن رازى بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىش ئالدىدا تەڭرى ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا جەننەتتىن بىر كۆك قوچقارنى ئەۋەتىدۇ. قوينى قۇربانلىق قىلىش شۇنىڭدىن قالغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**ئىشرەبۇ يائەييۇھەل-ئەتشان** «ئەي تەشنالار، ئىچىڭلار!» دېگەن مەنىدە:

تەشنەلەب ئۆلمە، نەۋائى، چۈن ئەزەل ساقىسىدىن
«ئىشرەبۇ يائەييۇھەل-ئەتشان» كېلۇر ھەردەم نىدا.
— نەۋائى.

**ئىشرەت ئەڭگىز** 1) سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ خانىشى، مۇقامشۇناس مەلىكە ئامانىساخان ئىجاد قىلغان مۇقامنىڭ نامى؛ 2) «شادلىق قوزغىغۇچى» مەنىسىدە.

**ئىيسا** «قۇرئانى كەرىم» دە نامى كۆرسىتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن بىرى. رەبغۇزىنىڭ «قىسەسۇل-ئەنبىيا» نام-



中央民族大学图书馆

لىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىيسا پەيغەمبەر بى بى مەريەم ئانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بىر نەپەس بىلەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان خاسىيەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن «رۇھۇللاھ» دەپ ئاتالغان.

## ي

**يادا تاش** 1) رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ تاشقا قان چاچرىسا يامغۇر ياغىدىكەن، قەدىمكى زاماندا قۇرغاقچىلىق بولۇپ قالغىدەك بولسا، كىشىلەر قوي-كالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى يادا تاش ئۈستىگە تامغۇزىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن يامغۇر تىلەيدىكەن؛ 2) قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئالتۇنىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى يادا تاشقا سۈركەيدىكەن، شۇنىڭدا ئالتۇنىنىڭ راست-يالغانلىقى مەلۇم بولىدىكەن.

**يارىم ساقى** 1) «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى بىر مۇزىكا بۆلىكىنىڭ نامى؛ 2) مەي تۇتقۇچى، شاراب سۇنغۇچى (مۇھەببەت شارابى بىلەن مەست قىلغۇچى) يار.

**يەمەن** 1) ئەرەب دىيارىدىكى بىر ۋىلايەتنىڭ نامى؛ 2) بۇ يەردە «يەمەن دېڭىزى» مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، بۇ دېڭىزدىن ناھايىتى ئېسىل ئۈنچە-مەرۋايىت، ياقۇت چىققىدەكمىش:

«كۆرۈپ گۈلتەك يۈزۈڭ رەڭگىنى كۆزدىن يۈز چەمەن بولدى،



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەقىق ئەرىنگنى كۆرگەلى كۆزۈم ھالى يەمەن بولدى».

— سەككاكى.

**يەئقۇب** «قۇرئانى كەرىم» دە ئىسمى ئاتالغان پەيغەمبەرلەر-دىن بىرى. ئىسھاق پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. «يۇسۇف-زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى يۇسۇپنىڭ ئاتىسى. ئوغلى يۇسۇپتىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ پىراقىدا 40 يىل ياش تۆككەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

**يۇسۇف** يەئقۇب پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى. رەبغۇزىنىڭ «قىسە-سۇل-ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى تەركىبىدىكى «يۇ-سۇف-زىلەيخا» داستانىنىڭ باش قەھرىمانى، زىلەيخا-نىڭ ئاشىقى.

**يۇسۇفبەگ** «يۇسۇف-ئەھمەد» داستانىنىڭ باش قەھرىما-نى، ئەھمەد بەگنىڭ ئاكىسى.





中央民族大学图书馆

# كلاسسك شائرلارنىڭ قىسقىچە ترجىمھالى



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# مۇندەرىجە


هافىز شىرازى ........................ (135)
هافىز خارەزمى ........................ (136)
گەدائى ........................ (137)
هۇسەينى ........................ (138)
نەۋائى ........................ (139)
سەئىدى ........................ (141)
رەشدى ........................ (141)
نەفسى ........................ (143)
ئايازى ........................ (144)
مەشرەب ........................ (145)
زەلىلى ........................ (146)
مەھزۇن ........................ (147)
نەۋبەتى ........................ (148)
نىزارى ........................ (149)
زىيائى ........................ (150)
مەزھەرى ........................ (151)
مەشھۇرى ........................ (152)
ناقىس ........................ (153)




中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

**هافىز شىرازى—** هايات كۈيچىسى، بۈيۈك شائىرشەم-
سىددىن مۇھەممەد خاجە هافىز شىرازى (1300—
1389) ۋە ئۇنىڭ لىرىكىلىرى جاھان ئەدەبىياتىدا يۈك-
سەك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ هافىز شىرازى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن
تونۇشۇش تارىخى ناهايىتى ئۇزۇن، هافىز لىرىكىلى-
رىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى تېخىمۇ كەڭ
ۋە چوڭقۇر. نۇرغۇن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز هافىزنى
ئۇستاز تۇتۇپ كەلگەن، بەزىلىرى خېلى بۇرۇنلا هافىز
شېئىرلىرىنى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەپ-
سۇسكى بۇ خىل تەرجىمىلەر تارىخنىڭ بوران-چاپقۇن-
لىرىدا يوقالغان. 1993-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مۇ-
زېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان «باياز»
ناملىق قول يازمىغا هافىز شىرازى غەزەللىرىدىن ئون
پارچىسىنىڭ تەرجىمىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ
شېئىرلارنىڭ تەرجىمانى ئافاق خوجىنىڭ ئانىسى زى-
لەيخا بېگىم بولۇپ، ئۇ هافىز شىرازى شېئىرلىرىنى
ناهايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ مۇتالىئە قىلغان
ۋە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.

«سىلسىلەتۇز-زەھەب» ناملىق تەزكىرىدە، «زى-
لەيخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى.
ئەرەبچە ۋە پارسچىدا هېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى،
شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى» دې-
يىلگەن. دېمەك هافىز شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسى-
دىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئون غەزەل XVII
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن قۇمۇلدا



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلىنغان. ھافىز شىرازى غەزەللىرىنىڭ ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇندىن تۆت ئەسىر بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ۋەقەدۇر.

**ھافىز خارەزمى** — ئىسمى ئەبدۇررەھىم، تەخەللۇسى «ھافىز» دۇر. ئۇ XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارەزم ۋە شىرازدا ياشىغان بولۇپ، ئىجادىي مىراسلىرىنىڭ موللىقى، بەدىئىي سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئەينى زامان ئەدەبىيات مۇنبىرىگە جۇلا قوشقان يىرىك شائىرلاردىن بىرىدۇر.

يېقىندىن ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان تالانتلىق شائىر ئەبدۇررەھىم ھافىزنىڭ زور ھەجىملىك بىر دىۋانى 1975-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى ئۆزبېك ئالىملىرى تەرىپىدىن ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئاباد شەھىرىدىكى «سەلارجەڭ مۇزېيى» دىن تېپىلدى. يېقىندىن تېپىلغان بۇ «دىۋانى ھافىز تۈركىي» دە 1052 غەزەل بىر مۇخەممەس، ئىككى مۇستەھزاد، تۆت تەركىببەند، ئۈچ تەرجىئبەند، 33 قىتئە، 11 رۇبائىي بار.

«دىۋانى ھافىز تۈركىي» لىرىك شېئىرىيەت بويىچە ئەلشىر نەۋائىينىڭ «چەھار دىۋان» ى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئەڭ زور يادىكارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ھافىز شىرازى ئۇسلۇبىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇنىڭ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان لىرىك شائىردۇر.



中央民族大学图书馆

ئەبدۇررەھىم ھافىز شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى، ئۇسلۇبى رەڭدار ۋە خىلمۇ خىل. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىنسان ھەم ئۇنىڭ بەخت-سائادىتى، ئەركىنلىكى ۋە رېئال ھايات گۈزەللىكلىرىنى ساددا، راۋان، گۈزەل تىل بىلەن ئىپادىلىگەن.

**گەدائى** — مەۋلانا گەدائى مىلادى 1403—1404-يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلغان، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھاياتتا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن مەشھۇر لىرىك شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، زور شۆھرەت قازانغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن-نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە مەۋلانا گەدائى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ مەشھۇر تۈركىيگوي شائىر ئىكەنلىكىنى، ئەبۇلقاسىم بابىر دەۋرىدە شېئىرلىرىنىڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى، يېشىنىڭ توقساندىن ئاشقانلىقىنى قەيت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. يەنە «مۇھاكەمەتۇل-لۇغەتەين» دىمۇ گەدائىنىڭ ئىسمىنى چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنى تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭدىن گەدائىنىڭ ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

گەدائى شېئىرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. پاك سۆيگۈ-مۇھەببەتنى، ھايات گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەش گەدائى شېئىرلىرىدا ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان مۇھىم تېمىلاردىن بىرى. ئۆز دەۋرىدىكى بەزى ئىجتىمائىي



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرگە ئائىت مەزمۇنلارمۇ گەدائى شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزى ياشىغان ھىراتنىڭ گۈزەل باغۇ بوستانلىرىنى، يېقىملىق ھاۋاسى ۋە جان بېغىشلىغۇچى زىلال سۇلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قىزغىن كۈيلەيدۇ.

گەدائى شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئىلغار تېمىلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پىشقان، گۈزەل، بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەنمۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىدا كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردىندۇر.

**ھۇسەينى** — سۇلتان ھۇسەين بايقارا ئۆز زامانىسىنىڭ شۆھرەتلىك ھۆكۈمدارى بولۇشتىن تاشقىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، تەخەللۇسى «ھۇسەينى» ئىدى. ئۇ تۆمۈر نەسلىدىن بولغان غىياسىددىن مەنسۇرنىڭ ئوغلىدۇر. ھۇسەين بايقارا مىلادى 1438-يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك ھۇسەين بايقارانىڭ ئاتىسى غىياسىددىن مەنسۇر بىلەن ئېمىلداش بولغان. ھۇسەين بايقارا بىلەن ئەلىشىر نەۋائى ياشلىقىدىن تارتىپلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇلار بىر مەزگىل بىللە ئوقۇغان، بىللە تەربىيىلەنگەن. ھۇسەينىنىڭ بىر دىۋانى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن غەزەللەر بىرخىل ۋەزىندىلا يېزىلغان.

ھۇسەينى شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ ئوبرازلىقلىقى،



中央民族大学图书馆

ئىچكى كەچۈرمىلەرنىڭ روشەن ئىپادىلىنىشى، تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن خاراكتېرلىقتۇر. چاغاتاي ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە چاغاتاي تىلىنىڭ بېيىشىدا ھۈسەين بايقارانىڭ رولى ناھايىتى زور بولغان. نەۋائى «مەجالىسۇن-نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە مەخسۇس بىر بابنى ھۈسەيىنى ئىجادىيىتىگە بېغىشلىغان.

**نەۋائى** — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىردۇر. غىياسىددىن كىچىك ئوغلى ئەلىشىر نەۋائى 1441-يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، 1501-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم-مەرىپەتكە، ئەدەبىياتقا قىزغىن بېرىلگەن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىسىگە ئايلانغان، ئاساسىي ئۆمرىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، شېئىرىيەتتە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۆز ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇخىل ژانىر ۋە شەكىللىرىنى قوللىنىپ ۋە ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاجايىب پارلاق ئۈلگىلەرنى ياراتقان.

نەۋائىنىڭ «خەزايىنۇل-مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ۋە «خەمسە» سىدىن باشقا، تەزكىرىلىرى، ئىلمىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى، ئەخلاقىي ئەسەرلىرى، تارىخىي ئەسەرلىرى، بىئوگرافىك ئەسەرلىرى ۋە ۋەسىقىلىرى بولۇپ جەمئىي 29 پارچە ئەسەرنى ئۆز



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىگە ئالغان كۇللىياتى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ دىۋانلىرى، خەمسىلىرى ۋە يەككە ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئىنتايىن كۆپ تارقالغان.

«خەزايىنۇل-مەئانى» نەۋائى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئاساسەن غەزەللەردىن ئىبارەت 16 خىل لىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان، جەمئى 44 مىڭ 803 مىسرالىق 3130 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «چەھار دىۋان» بولۇپ، بۇنىڭ كۆپى سەممىيەتكە، گۈزەللىككە، ۋاپادارلىققا مەپتۇنلۇق؛ ئالدامچىلىققا، ساختىپەزلىككە، ۋاپاسىزلىققا نەپرەت بىلەن تولغان لىرىكىلاردۇر.

نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇشى بىلەنمۇ ھەجمى جەھەتتىكى كۆپلۈكى بىلەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ۋە باشقا تېمىلارغا دائىر ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئىلغار بولغان زور ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر سەنئەتكاردۇر. نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر-ئۇستازى ساناپ، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان نەۋائى ئەسەرلىرى تۆت ئەسىردىن بېرى ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىنىڭ مۇھىم ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر



中央民族大学图书馆

«ئون ئىككى مۇقام»ىنىڭ نۇرغۇن نەغمىلىرى نەۋائى غەزەللىرى بىلەن جاراڭلايدۇ.

خوتەنلىك موللا ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نىئمەتۇللاھ مۇئجىزنىڭ «تارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشچە: نەۋائى شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى بىر بۈيۈك سىما بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆز نۆۋىتىدە ئىستېداتلىق مۇغەننى ۋە مۇقامشۇناس بولغان، «نەۋا» مۇقامىنى ئىختىرا قىلغان.

**سەئىدى** — سۇلتان سەئىدخان (1535—1495) پەقەت دەۋلەت ئەربابىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە زامانى-سىنىڭ كامالەتكە يەتكەن شائىرى بولۇش سۈپىتى بى-لەنمۇ مەشھۇر. ئۇ «سەئىدى» تەخەللۇسى بىلەن تۈر-كىي ۋە پارسىي تىلدا شېئىرلار يازغان.

سەئىدى شېئىرلىرىدا ئىلىم-مەرىپەتكە، ساپ سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ئىنسانىي پەزىلەتكە، ئەدلى-ئادا-لەتكە چوڭقۇر مەدھىيە ئوقۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتقا باي، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە باي.

سۇلتان سەئىدخان ئۆز شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزگەنلىكىمۇ مەلۇم. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن دەۋرى-مىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز.

**رەشىدى** — سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان XVI ئەسىردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر دۆلەت ئەربا-بى ۋە مۇتەپەككۇر شائىردۇر.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان(1520—1569) دەۋرىگە كەلگەندە، قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قايتىدىن گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنىدى. جۈملىدىن بۇ دەۋردە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ تەۋسىيىسى ۋە بىۋاستە يېتەكچىلىكى بىلەن تۈنجى قېتىم رەتلىنىپ، قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكا ھالىتىگە كەلدى. سۇلتان ئاتاقلىق دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇر، مۇزىكانت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پاساھەت، بالاغەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ يىگانىسى ئىدى. ئۇ «رەشىدى» تەخەللۇسى بىلەن تۈركىي ۋە پارسىي تىللاردا ئاجايىپ لىرىك، ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازغان. رەشىدىنىڭ غەزەللىرىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغان غايىۋى ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق، ئىشق-مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، مەرتلىك، ئۈمىدۋارلىق توغرىسىدىكى ئىجابىي قاراشلار ۋە ھايات، تۇرمۇش توغرىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزى تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە رەشىدى ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر دىۋان تۈزگەن. ئەپسۇسكى بۇ دىۋان ھازىرغىچە تېپىلمىدى. مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى(زەيلى)» ناملىق ئەسەردە رەشىدىنىڭ



中央民族大学图书馆

تۆت پارچە شېئىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. يېقىندىن بۇيان بەزى بايازلاردىن رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ئار-قا-ئارقىدىن تېپىلىشقا باشلىدى.

**نەفىسى**— ئىسمى ئامانىسا، تەخەللۇسى «نەفىسى» دۇر. ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانە شائىرەسى، ماھىر خەتتات، مۇ-زىكا ئىلمىدە كامالەت ئىگىسى ئىدى. شۇڭا سۇلتان ئەبدۇررەشىدخان نەفىسىگە ئىختىيارسىز ئاشىق، شەيدا بولغانىدى. نەفىسى پادىشاھ ئەبدۇررەشىدخان-نىڭ نىكاھىغا كىرىپ، 20 يىل خانىش بولۇپ ياشى-دى. ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە يېگانە ئىدى. «دىۋانى نەفى-سى» نى يازدى. خوتۇن-قىزلارغا نەسىھەت مەزمۇنىدى-كى «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب يازدى. «شۇرۇھۇل-قۇلۇب» (قەلبلەر شەر-ھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، مۇغەننىي-لىك ۋە خەتتاتلىق توغرىسىدا بۇنىڭدەك مەنىلىك كى-تاب ئاز تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەلىكە ئامانىسا خېنىم «ئىشرەت ئەنگىز» (شادلىق قوزغىغۇچى) ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلدى.

مەلىكە ئامانىسا خېنىم مىلادى 1533-يىلى تارىم دەرياسى بويىدىكى تەكلىماكانغا يېقىن بىر كەنتتە مەھ-مۇد دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. 1547-يىلى سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ نىكاھىغا كىرىپ، خانىش بولدى. 1567-يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى ۋە يەكەندە دەفنە قىلىندى.

نەفىسىنىڭ «ئەخلاقى جەمىلە»، «شۇرۇھۇل



中央民族大学图书馆

قۇلۇب» ناملىق ئەسەرلىرى «دىۋانى نەفىسى» ناملىق لىرىكىلىرى هازىرغىچە تېپىلمىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامى ئاپتونوم رايونلۇق «ئون ئىككى مۇقام» تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن تېخى يېقىندىلا تېپىلىپ، تارىخى مەنبە ۋە هۆججەتلەر ئاساسىدا نوتىغا ئېلىندى.

**ئايازى** — XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ۋە مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا هەيدەر كوراگان دېگەن قاراشلارمۇ بار.

ئايازى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىدىن بىرى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان. ئۇ كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى، بىرىك داستانلارنى يازغان. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى «جەھاننامە» ناملىق بىرىك داستان ۋە بىر پارچە تولۇقسىز دىۋاندىن ئىبارەت. بۇ دىۋان تېخى يېقىندا خوتەندىن قول يازما هالىتىدە تېپىلدى. بىر تامچە سۇدىنمۇ قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولغاندەك، ئايازىنىڭ هازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى، پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تىلىدىكى پاساھەتنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



中央民族大学图书馆

**مەشرەب** — بابا رەھىم مەشرەب پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەندىجان شەھرىدە مىلادى 1641-يىلى دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدىلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ نەمەنگانغا كۆچۈپ كەلگەن. نەمەنگان مەكتەپلىرىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشكەن. كېيىن ئاتىسى ئۇنى موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرغان. بابا رەھىم مەشرەب بۇ يەردە پارس-تاجىك، ۋە ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان. شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا كىرىشكەن.

مەشرەب 1672-يىلى جاھانگەشتىلىك يولىغا چۈشۈپ، قەشقەرگە-ئافاق خوجا ھۇزۇرىغا كەلگەن. بۇ ۋاقىت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى. مەشرەب يەتتە يىلغا يېقىن ئافاق خوجا خىزمىتىدە بولغان. ئۇ 1672-يىلدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە 39 يىل جاھانگەشتە بولۇپ ياشىغان. بۇ جەرياندا تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنى، ماۋەرائۇن-نەھر، خۇراسان ئۆلكىلىرىنى ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق دىيارىنى ۋە بۇ يەردىكى شەھەر يېزىلارنى كەزگەن. مەشرەب ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى ساختىلىق، قەبىھلىك، خۇنۇكلۇكنى ۋە بۇلارنىڭ ھەممە جايدا ئوخشاشلىقىنى چۈشەنگەن، شۇنداقلا رېئال ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. مەشرەب مىلادى 1711-يىلى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنىڭ پىتنىسى بىلەن ئەشتەرخانلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ قۇندۇز شەھىرى ھۆكۈمرانى مەھمۇد قاتاغان تەرىپىدىن شۇ



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەردە دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەشرەب شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسى تېمىسى رېئال ھايات ۋە ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭدىكى قىسمەت-تەقدىرى، غايىۋى ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ خەلق-نى، خەلقنىڭ پاك ھېس-تۇيغۇلىرىنى كۈيلەپ، ئۇ-لارنىڭ قايغۇ ھەسرەتلىرىگە ئورتاقلاشتى. ئۇنىڭ ئىش-قىي لىرىكىلىرى رېئال دۇنياغا مۇھەببەت باغلاش، ئىنسانىنىڭ رېئال بەخت-سائادىتىنى بەرپا قىلىشتەك ئۇلۇغ ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەشرەب ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ ۋارىيانتلى-رىمۇ نۇرغۇن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەشرەب شېئىرى-يىتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر. مەشرەب غەزەل-لىرى ئۈچ ئەسىردىن بۇيان «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، خەلقىمىز تىلىدا ياڭراپ كەلمەكتە.

**زەلىلى** — ئىسمى مۇھەممەدسىددىق، تەخەللۇسى «زەلى-لى». تەخمىنەن مىلادى 1670-يىلى يەكەندە تۇغۇ-لۇپ، خوتەندە ۋاپات بولغان. زەلىلى يەكەن مەدرىسى-لىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇزاق ۋاقىت شىن-جاڭدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەرنى كېزىپ، ئۆز دەۋرى-نىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئۇلۇغ زاتلىرى بىلەن ئۇچرى-شىپ، مازار-ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، دەرۋىشلەر ۋە جاھانگەشتىلەر بىلەن سىرداشىپ، ئەينى دەۋرنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت-



中央民族大学图书馆

لىرى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولغان. ئۆمرى-
نىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىنى خوتەندە ئۆتكۈزۈپ،
مول ئىجادىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ
ئىجادىي مىراسلىرىدىن «دىۋانى زەلىلى»، «سەفەرنا-
مە»، «تەزكىرەئى خاجە مۇھەممەد شەرىف بۈزۈرگ-
ۋار» قاتارلىق لىرىك ۋە ئېپىك ئەسەرلىرى جامائەت-
چىلىككە تونۇش. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قانچە قول
يازمىلىرى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. زەلىلى
ئۇيغۇر تىلى ۋە پارس تىلىدا غەزەللەر يازغان ئىككى
تىللىق لىرىك شائىردۇر.

زەلىلى ئەسەرلىرىدە ئىشق-مۇھەببەت تېمىسى
مەركەز قىلىنغان ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىل-
لىق، گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر ئالاھىدە كۈيلە-
نىپ، شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى مۇئەييەن
بەدىئىي شەكىللەر بىلەن روشەن ئىپادىلەنگەن.

زەلىلى شېئىرىيىتى تىلىدىكى پاساھەت، پىكرى-
نىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ گۈزەللىكى
بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە.

**مەھزۇن** — ئىسمى ئىسمائىل بولۇپ، «مەھزۇن» ئۇنىڭ
تەخەللۇسىدۇر. ئىسمائىل مەھزۇن XVIII ئەسىر ئۇي-
غۇر شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ
XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، ئىككىن-
چى يېرىمىغىچە ياشىغان. «دىۋانى مەھزۇن» دىكى ئاي-
رىم بىشارەتلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يۇرتى خوتەن
بولۇپ، «گۈجانباغ» كەنتىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«دىۋانى مەھزۇن» شائىرنىڭ دەۋرىمىزگىچە يې-
تىپ كەلگەن بىردىنبىر يادنامىسى. ئۇنىڭدىكى غەزەل-
لەر كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى تېما
مۇھەببەت توغرىسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
«پەلەك زۇلمى» دىن شىكايەت، رىياكار شەيخلەرگە،
ھەسەتخورلارغا، زالىملارغا غەزەپ-نەپرەت مەھزۇن
شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.

مەھزۇن شېئىرلىرىدا ۋاپادارلىق، ساداقەت،
سەمىمىيلىك، كەمتەرلىك ۋە ھالال مېھنەتنى قىزغىن
مەدھىيىلەيدۇ.

«دىۋانى مەھزۇن» دىكى شېئىرلار غايىۋى مەز-
مۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىياتقا بايلىقى، ئىپادى-
لەش شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، بەدىئىي ۋاسىتىلەر-
نىڭ رەڭمۇرەڭلىكى، لىرىكىۋىيلىقى بىلەن ئالاھىدە
خاراكتېرلىقتۇر.

**نەۋبەتى** — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەش-
ھۇر نامايەندىلەردىن بىرى. تارىخىي مەنبەلەردە نەۋبە-
تى XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خوتەن (ئىلچى
) دە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ياشاپ، ئىجادىي پائالىيەت
بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ شائىر دەپ
كۆرسىتىلىدۇ. «دىۋانى نەۋبەتى» شائىرنىڭ دەۋرى-
مىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر بەدىئىي مىراسى-
دۇر. بۇ دىۋان ھىجرىيە 1160-(مىلادى 1747-) يىلى
يېزىلىپ تاماملانغان. نەۋبەتى دىۋاندىكى ئەسەرلىرىنى
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بويىچە ئە-



中央民族大学图书馆

رۇز ۋەزنىنىڭ خىلمۇخىل بەھرىلىرىدە يازغان. بۇ شېئىرلار ئاساسەن ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان.

نەۋبەتى غەزەللىرىدە «مەشۇق» نىڭ گۈزەل سىماسى، ئاشىقنىڭ ۋىسال ئارزۇسى، ھىجران ئازابى، رەشك ئوتى، مۇغەننىنىڭ نەغمە ساداسى، بۇلبۇلنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسى قاتارلىق مەزمۇنلار بىلەن تەگرىنىڭ ئىشتىياقى، ھەمدۇسانا، تەۋبە-ئىستىغفارغا ئوخشاش تۈيغۇ، ئوي-پىكىرلەر ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن. يەنە ئىلمنى ئۇلۇغلاش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانىي مۇھەببەت، دوستانە ياردەم قاتارلىقلارمۇ نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم تېماتىك مەزمۇنلىرىدۇر.

نەۋبەتى ئۆزى ياراتقان «يار»، «ساقى» غا ئوخشاش سىمۋوللاشتۇرۇلغان غايىۋى ئوبرازلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رېئال ھايات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ۋە بۇ ھەقتىكى نازۇك ھېسسىياتلىرىنى راۋان، ئوبرازلىق، رەڭدار، شېئىرىي تىل بىلەن ئىنتايىن ماھىرانە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**نىزارى**— ئىسمى ئەبدۇررەھىم، تەخەللۇسى نىزارىدۇر. ئۇ مول ئىجادىي مىراسلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى. نىزارى 1776-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ «بۇلاق بېشى» مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1850-يىلى ۋاپات بولغان.



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىزارى ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىجادىي پائالىيىتى داۋامىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى گۈلشىنىدە ئاجايىپ رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇردى. ئۇ نەۋائىنىڭ «خەمسە» چىلىك ئەنئەنىسىگە ۋارسلىق قىلىپ، «لەيلى-مەجنۇن»، «فەرھاد-شىرىن»، «مەھزۇن-گۈلنىسا» ۋە (زىيائى بىلەن بىرلىكتە) «چاھار دەر-ۋىش» ... قاتارلىق بىرقانچە يىرىك داستانلارنى ياراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «زادۇن-نەجات» ناملىق دىداكتىك ئەسەرمۇ نىزارى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمىدۇر. شۇنداقلا نىزارى ئەلشىر نەۋائى غەزەللىرىگە تەخمىسلەر يازغان. «لەيلى-مەجنۇن» داستانىدا نىزارىنىڭ ئىنتايىن لىرىك غەزەللىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

تالانتلىق شائىر ئەبدۇررەھىم نىزارى ئېپىك شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى لىرىك شېئىرىيەتتىمۇ يۇقىرى ئىستېدات ئىگىسىدۇر.

**زىيائى** — نۇرۇزئاخۇن كاتىپ «زىيائى» XIX ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر شائىرلاردىن بىرى. زىيائى، ئەبدۇررەھىم نىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى قاتارلىق شائىرلار بىلەن زاماندىش، ئىجادىي پائالىيەتلەردە قەلەمداش بولۇپ ئۆتكەن. زۇھۇرىددىن ھاكىم ئوردىسىدا ئۇن تۆت يىل كاتىپلىق ۋەزىپىسىدە بولغان.

ئۇ «زىيائى» تەخەللۇسى بىلەن ««مەسئۇد-دىلئارا»، «رابىئە-سەئدىن»، «ۋامىق-ئۇزرا»، «چە-



中央民族大学图书馆

ھاردەرۋىش» نىڭ 3 - قىسمى بولغان «پادىشاھى ئازادە بەخت ھېكايىسى» قاتارلىق يىرىك داستانلارنى، «مۇھزىنۇل-ۋائىزىن» (1259 - ھىجرى) ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان.

زىيائى ئۆزىنىڭ بۇ داستانلىرىدا ئىشق-مۇھەببەتنى ئاساسى مەزمۇن قىلغان. «مۇھزىنۇل-ۋائىزىن» ناملىق ئەسىرىدە بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك، پەند-نەسىھەت قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئالاھىدە ئورۇن بەرگەن.

زىيائىنىڭ مەيلى داستانلىرى بولسۇن، مەيلى غەزەللىرى بولسۇن يۇقىرى سەنئەتكە، مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە. تىلى راۋان ۋە پاساھەتلىك بولۇپ، بۇ زىيائىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى يۇقىرى ماھارىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**مەزھەرى** — XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان لىرىك شائىرلاردىن بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا فىراقى، ۋەفائى، رىزائى قاتارلىق شائىرلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان بىر «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن. بۇ «باياز» قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بەشىر ئىبنى شاھ ئەردەشىرنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان. يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇلار پاساھەت، بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئو-



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇنغا ئىگە شائىرلار ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ غەزەللىرى مۇقامشۇناس تۇردىئاخۇن ئاكا ئورۇندىغان مۇقام تېكىستلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**مەشھۇرى** — ئىسمى ئىبراھىم بولۇپ، «مەشھۇرى» ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. شائىر مەشھۇرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندە ياشاپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. «دىۋانى مەشھۇرى» ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسى بولۇپ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دىۋاندىكى غەزەللەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىشق-مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان، دېداكتىك مەزمۇنلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەشھۇرى ئۆز غەزەللىرىدە «يار» دىن ئىبارەت سىمۋولىستىك ئوبرازنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھايات توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىز «دىۋانى مەشھۇرى» دىكى غەزەللەرنى ئوقۇغىنىمىزدا «جۇنۇن دەشتىدە ئاۋارە بولغان ئاشىقلار» نىڭ، «گەردۇندىن بېشىغا ئۈزۈلمەي بالالار يېغىۋاتقان بىچارىلەر» نىڭ پەريادىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. شۇنداقلا ھىجران ئازابى، ۋىسال ئۈمىدى بىلەن يېنىۋاتقان مەشۇقنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنى تىڭشىغاندەك بولىمىز.



中央民族大学图书馆

**ناقىس**— ئىسمى موللا سابىر بىننى ئەبدۇلقادىر بولۇپ، «ناقىس» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. ئۇ 1840-يىلى قەشقەر يېڭىساردا تۇغۇلۇپ، 1920-يىلى ۋاپات بولغان. ناقىسنىڭ لىرىك شېئىرلىرى ۋە پارسچىدىن نەزمى يۇسۇندا تەرجىمە قىلغان «گۇلزارى بىنىش» ناملىق داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قول يازمىسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ناقىس مول ئىجادىي مېھنىتى ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان تالانتلىق شائىردۇر. ئۇ يالغۇز شائىر بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ماھىر مۇغەننىدۇر. ئۇ بەزى غەزەللىرىدە ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئۇستىدە توختالغان ۋە مۇقاملارنىڭ ئەينى دەۋردىكى رەت تەرتىپىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.



中央民族大学图书馆

www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# «ئون ئىككى مۇقام» نوتىسىدا قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگىلەر ھەققىدە ئىزاھات

1. مۇقام ئاھاڭلىرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ نوتىدىكى ئىپادىلىنىشى.

مۇقاملارنىڭ مۇقەددىمە، تەئەززە، تەئەززە مەرغۇلى، نۇسخە، نۇسخە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىلىرىدە $\frac{4}{4}$ ئۇدارلىق، $\frac{5}{4}$ ئۇدارلىق، $\frac{2}{4}$ $\frac{3}{4}$ ئۇدارلىق ۋە $\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ ئۇدارلىق ئالاھىدىلىكلەر بار. «بايىرىم ساقى» ئاھاڭى پەقەت «ئۇششاق» مۇقامىدىلا بولۇپ، ئۇنىڭدا $\frac{7}{8}$ ئۇدارلىق ئالاھىدىلىك بار.

$\frac{7}{8}$ ئۇدارنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق: $\frac{(3+4)}{8}=\frac{7}{8}$

«مۇستەھزات»نىڭ ئۇدار فورمۇلىسى مۇنداق: $\frac{(3+2)}{4}=\frac{5}{4}$

«چوڭ سەلىقە»نىڭ ئۇدار فورمۇلىسى مۇنداق: $\frac{(3+2)}{8}=\frac{5}{8}$

«داستان»نىڭ ئۇدار فورمۇلىسى مۇنداق: $\frac{(3+4)}{8}=\frac{7}{8}$

«مەشرەپ»نىڭ ئۇدار فورمۇلىسى مۇنداق: $\frac{(3+6)}{8}=\frac{9}{8}$

يۇقىرىدىكىدەك ئۇدارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاھاڭلاردىكى ھەربىر تاكتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ئۇدارىنىڭ ئۈچ ئاۋازدا، ئىككى تۇتاشما ئاۋازدا ۋە تۆت تۇتاشما ئاۋازدا قاتارلىشىپ كېلىشى «ئون ئىككى مۇقام» ئاھاڭلىرىنىڭ ئۇدار جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇقاملارنىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىدىكى بەزى ئاھاڭلاردا $\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ ئۇدار شەكلى كۆرۈلىدۇ. ئۇ، تۆت پارچە ئاۋازنىڭ بىرىكىپ بىر ئۇدار ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدا پۈتۈن ئۇداردىن ئالتىسىنىڭ، يېرىم ئۇداردىن بىرسىنىڭ بارلىقىنى، ھەربىر تاكتىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا $2\frac{1}{2}$ ئۇدار، كېيىنكى قىسمىدا تۆت



中央民族大学图书馆

ئۇدارنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، $\frac{(2\frac{1}{2}+4)}{4}=\frac{6\frac{1}{2}}{4}$ فورمۇلىسى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ.

2 . ئاھاڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان شەرتلىك بەلگە-لەر.

1) ئەسلى ئاھاڭ «♮» بىلەن كۆتىرىلگەن ئاھاڭ «♯» ياكى ئەسلى ئاھاڭ «♮» بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئاھاڭ «b» ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭلارنى توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، يېرىمنىڭ يېرىمىنىڭ كۆتىرىلىشى «𝄲» ($\frac{1}{4}$ ھەسسە كۆتۈرۈش) بەلگىسى بىلەن، يېرىمنىڭ يېرىمىنىڭ چۈشۈرىلىشى «𝄳» ($\frac{1}{4}$ ھەسسە چۈشۈرۈش) بەلگىسى بىلەن، گاھىدا يەنە زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن ئالدىنقىسى «↑» بەلگىسى، كېيىنكىسى «↓» بەلگىسى بىلەن ئىپادە قىلىندى ھەمدە بۇ بەلگىلەر ئىشلىتىلىش ئورنى جەھەتتىكى تەلەپكە ئاساسەن، كۆتۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش تەلەپ قىلىنغان شۇ ئاھاڭنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلدى. ئاھاڭلارنىڭ $\frac{1}{4}$ دائىرە ئىچىدىكى يۇقىرىغا تىترىشى «𝆖» بەلگىسى بىلەن، تۆۋەنگە تىترىشى «𝆗» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى.

2) ئاۋازلارنىڭ رىتىم شەكلىنى ئىپادە قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر نوتىنىڭ باش قىسمىنىڭ ئاستىغا داپنىڭ «دۇم» ئاۋازى ئۈچۈن «D»، «تاك» ئاۋازى ئۈچۈن «T»، توختىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «O» بەلگىسى قويۇلدى.

3) تېكىستنىڭ مىسرا سانىنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن، ئاھاڭنىڭ ئاستى تەرىپىگە 1)، 2)، 3)...گە ئوخشاش سانلار بېرىلدى.

4) پائۇزا ۋە مەرغۇل نوتىسى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى.

5) تەكرارلانغان ئاھاڭلاردا بىرىنچى قېتىم چېلىنغان ئاھاڭ شەكلى ئۆلچەم قىلىندى.



中央民族大学图书馆

# ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇنىڭ ئابى چەشمىلىرى ھەم ئىشرەت ئەڭگىز مۇقامنىڭ ئاھاڭ تۈرلىرى

| | مۇقاملارنىڭ نامى / ئاھاڭ تۈرلىرى | راك | چەببىيات | سەگاھ | چەھارگاھ | پەنجىگاھ | ئۆزھال | ئەجەم | ئۇششاق | بايات | نەۋا | مۇشاۋرەك | ئىراق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | مۇقاددىمە | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | بىرىنچى تەئەززە | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ |
| | ئىككىنچى تەئەززە | 2a ∂ mQ | | | | | | | | | | | |
| | بىرىنچى نۇسخە | 1a mQ | 1a m | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a mQ |
| | ئىككىنچى نۇسخە | 1a m | | | | 1a mQ | | | | | | | |
| | يارىم ساقى | | | | | | | | 1a mQ | | | | |
| | مۇستەھزاد | 1a mQ | 2a ∂ mQ | | 1a mQ | 1a m | | 1a | 1a m | | | | 1a m |
| | جۇلا | 1a | 1a m | 1a | 1a | 1a mQ | 1a | 1a m | 1a m | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | سەنەم | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 2a |
| | چوڭ سەلىقە | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| | بىرىنچى كىچىك سەلىقە | 4aL mQ | 3a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 5a mQ | 2a mQ | 3a ·mQ | 2a mQ | 1a mQ | 1a mQ | 1a m | 2a mQ |
| | ئىككىنچى كىچىك سەلىقە | 1a ∂ m | | | | | | | | | | 1a mQ | |
| | پىشرەۋ | 2a mQ | | 1a | | 1a mQ | 1a mQ | | 1a mQ | | | | 3a m |
| | تەئكىد | 2aL mQ | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a | 1a |
| داستان | بىرىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | ئىككىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | ئۈچىنچى داستان | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m | 1a m |
| | تۆتىنچى داستان | 1a m | 1a m | | | 1a m | 1a m | | 1a m | | 1a m | 1a m | |
| | بەشىنچى داستان | 1a m | | | | 1a m | 1a m | | | | | | |
| مەشرەپ | بىرىنچى مەشرەپ | 2a | 2a | 1a | 2a | 3a | 1a | 1a | 3a | 1a | 1a | 3a | 2a |
| | ئىككىنچى مەشرەپ | 1a | 2a | 2a | 3a | 1a | 3a | 2a | 2a | 2a | 2a | 2a | 2a |
| | ئابى چەشمىلەر | 1a | 1a | 1a m | 1a m | 1a m | 1a | 1a | 1a mQ | 1a | 1a | 1a | 1a |



中央民族大学图书馆

# پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ ئاھاڭ تۈرلىرى

| بۆلىكى | ئاھاڭ تۈرلىرىنىڭ نامى | رىتىم | باشلىنىش سۈرئىتى | ئاساسي رىتىم شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | مۇقەددىمە | rubato | ♩=54 | 𝄄 |
| | تەئەززە | $\frac{3}{4}$ | ♩=54 | T. TTDTTD \| DOTD ‖ |
| | تەئەززە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{3}{4}$ | ♩=66 | T. TTDTTD \| DOTD ‖ |
| | بىرىنچى نۇسخە | $\frac{3}{4}\frac{2}{4}$ | ♩=60 | TTTTDDTTTT \|TDD ‖ |
| | بىرىنچى نۇسخە مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{3}{4}\frac{2}{4}$ | ♩=62 | TTTTDDTTTT \|TDD ‖ |
| | ئىككىنچى نۇسخە | $\frac{6\frac{1}{2}}{4}=\frac{(2\frac{1}{2}+4)}{4}$ | ♩=54 | TTDTTTDD.TT.TTTTTD ‖ |
| | ئىككىنچى نۇسخە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى | $\frac{6\frac{1}{2}}{4}=\frac{(2\frac{1}{2}+4)}{4}$ | ♩=60 | TTDT TTDD.TT.T TTTTD ‖ |
| | مۇستەھزاد | $\frac{5}{4}$ | ♩=80—84 | TTOTT \| D D ‖ |
| | مۇستەھزاد مەرغۇلى | $\frac{5}{4}$ | ♩=88—92 | TTOTT \| D D ‖ |
| | جۇلا | $\frac{4}{4}$ | ♩=48 | DTTDTTDDT ‖ |
| | جۇلا مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{4}{4}$ | ♩=54 | DTTDTTDDT ‖ |
| | سەنەم | $\frac{2}{4}$ | ♩=72 | D. TOT \| DDT ‖ |
| | چوڭ سەلىقە | $\frac{5}{8}=\frac{(3+2)}{8}$ | ♪ ♩=42 | DT. TDT \|DT. TDT ‖ |
| | كىچىك سەلىقە | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | DDDTT \|DDDDT ‖ |
| | كىچىك سەلىقە مەرغۇلى، چۇشۇرگىسى | $\frac{2}{4}$ | ♩=72 | D. DTTT \|TTTTTO ‖ |
| | پىشرەۋ | $\frac{2}{4}$ | ♩=66 | D DT \| DDDT ‖ |
| | پىشرەۋ مەرغۇلى ۋە چۇشۇرگىسى | $\frac{2}{4}$ | ♩=66 | D DT \| DDDT ‖ |
| | تەئكىد | $\frac{6}{8}$ | ♩=48 | T. TDTOD ‖ |
| چوڭ نەغمە قىسمىنى تارقاق رىتىم بويىچە تاماملاش | | | | |
| داستان | بىرىنچى داستان | $\frac{2}{4}$ | ♩=54 | TTT DDT \| TTTT DDT \| T.T OTT ‖ |
| | بىرىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{2}{4}$ | ♩=66 | TTT DDT \| TTTT DDT \|T.T OTT ‖ |
| | ئىككىنچى داستان | $\frac{2}{4}$ | ♩=60 | DTTD. TTT ‖ |
| | ئىككىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{2}{6}$ | ♩=60 | DTTD. TTT ‖ |
| | ئۈچىنچى داستان | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♪ ♩=36 | D OTT \| D O TO ‖ |
| | ئۈچىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♪ ♩=36 | D OTT \| D O TO ‖ |
| | تۆتىنچى داستان | $\frac{3}{4}$ | ♩=138 | D. T D \| T. TD ‖ |
| | تۆتىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{3}{4}$ | ♩=144 | D. T DD \| T. TD ‖ |
| | بەشىنچى داستان | $\frac{6}{8}$ | ♩=60 | (D) \| D D T.TD ‖ |
| | بەشىنچى داستان مەرغۇلى | $\frac{6}{8}$ | ♩=60 | (D) \| D D T.TD ‖ |
| مەشرەپ | بىرىنچى مەشرەپ | $\frac{7}{8}=\frac{(3+4)}{8}$ | ♪♪♩=33 | D. D T \|D. D T ‖ |
| | ئىككىنچى مەشرەپ | $\frac{2}{4}$ | ♩=108 | D TTDT \|DTTTDT ‖ |
| پۈتۈن مۇقامنى تارقاق رىتىم بويىچە تاماملاش | | | | |



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
中央民族大学图书馆

## ئاھاڭ كۆرسەتكۈچ جەدۋىلى

| بۆلەكلەر | ئەسلى | قوشۇلغىنى | جەمئى |
|---|---|---|---|
| چوڭ نەغمە | 168a | 26a | 194a |
| داستان | 92a | — | 92a |
| مەشرەپ | 46a | — | 46a |
| ئابى چەشمە | — | 16a | 16a |
| ئىشرەت ئەڭگىز | — | 11a | 11a |
| جەمئى | 306a | 53a | 359a |

## بەلگىلەرنى ئىپادىلەش جەدۋىلى

| مەنىسى | بەلگىلەر |
|---|---|
| ئاھاڭ(ناخشا) | a |
| مەرغۇلى | m |
| چۈشۈرگىسى | Q |
| پۈتۈن قوشۇلغان | |
| يېرىم قوشۇلغان | L |
| ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن | ə |



中央民族大学图书馆

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





中央民族大学图书馆

# ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى

5

## پەنجىگاھ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي
جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتى نەشرگە تەييارلىدى

*

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(بېيجىڭ شەھىرى فۇچېڭمېن كوچىسى №17 پوچتا نومۇرى: 100037)
بېيجىڭ ئىككىنچى شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ بېيجىڭ شۆبىسى تارقاتتى
1997-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 1997-يىل 2-ئاي 1-بېسىلىشى
فورماتى: 787×1092 1/16 باسما تاۋىقى $362\frac{1}{2}$
تىرازى: 1—1000
ISBN 7—5000—5817—9
دۆلەت ئىچىدىكى باھاسى: 2000 يۈەن (بىر يۈرۈشىنىڭ)

中央民族大学图书馆